# ئى ئىسلام دەۋەتچىلىرى!

# ئېسىڭلاردا تۇتۇڭلار!

ئەبۇلئەئلا مەۋدۇدى

## كىرىش سۆز

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ نامى بىلەن باشلايمەن.

بارلىق ھەمدۇ–سانالار بىزنى ئىسلامغا يېتەكلىگەن ئاللاھقا مەنسۇپ. رەھمەت ۋە سالاملار يېتەكچىمىز رەسۇلۇللاھقا، ئۇنىڭ ئائىلە-تاۋابىئاتلىرىغا، بارلىقىنى ئىسلام ئۇچۇن ئاتىغان پىداكار، جەڭگىۋار ساھابىلارغا ۋە بارلىق مۇئمىن-مۇسۇلمانلارغا مەنسۇپ.

ئەبۇلئەئلا مەۋدۇدى پۈتۈن دۇنيا مۇسۇلمانلىرىغا تونۇشلۇق ئىسلام ئالىمى، يازغۇچىسى ۋە مۇتەپەككۇرى. ئۇنىڭ تىلىمىزغا تەرجىمە قىلىنغان ئەسەرلىرى پۈتۈن دۇنيا بويىچە ئەڭ قىيىن كۈندە قالغان، جاھىلىيەتنىڭ، جۇملىدىن، كوممۇنىزم–سوتسىيالىزمنىڭ ئەڭ كۈچلۈك ھۇجۇمىغا ۋە ئەڭ ئېغىر تەھدىتىگە ئۇچراۋاتقان بىز شەرقى تۈركىستان مۇسۇلمانلىرى ئەڭ سۆيۈپ ئوقۇيدىغان كىتابلارغا ئايلانماقتا. ئىسلام مائارىپىدا ئاساسلىق دەرسلىك قىلىنماقتا. شۇڭا، ئۇنىڭ تەرجىمىھالى كۆپچىلىك قېرىنداشلارغا تونۇشلۇق. لېكىن، ئۇنىڭ جەنۇبىي ئاسىيا، جۇملىدىن، پاكىستان، ھىندىستان، بېنگال قاتارلىق دۆلەتلەردىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ئىسلامنىڭ ماھىيىتىنى قايتىدىن تونۇشىغا ۋە جاھىلىيەتكە تاقابىل تۇرۇشىغا چوڭ تۆھپىلەرنى قوشقان بىر جامائەتنىڭ ئەمىرى، قۇرغۇچىسى ئىكەنلىكىنى نۇرغۇن قېرىنداشلار بىلمەسلىكى مۇمكىن.

ئۇ 1941-يىلى 8-ئاينىڭ 26-كۈنى 75 ئادەمنى تەشكىللەپ «ئىسلام جامائىتى» نى قۇرغان. بۇ جامائەتنىڭ تەسىرى بىر نەچچە يىلدا ئۈزلۈكسىز زورايغان. ئۇ جامائەتكە ئادەتتە، قاتتىق شەرت-تەلەپلەردىن ئۆتكەن كىشىلەر قوبۇل قىلىنغان. جامائەتكە ئەزا قوبۇل قىلىشتا ئاز بولسىمۇ ساز بولۇش، سانغا ئەمەس سۈپەتكە ئەھمىيەت بېرىش ئاساس قىلىنغان، شۇڭا قۇرۇلغاندىن باشلاپ تاكى 20-ئەسىرنىڭ 70-يىللىرىغا قەدەر

جامائەتنىڭ ئەزاسى ئىككى مىڭدىن ئاشمىغان بولسىمۇ ، ئۇنىڭ ئوينىغان رولى ئىنتايىن چوڭ بولغان.

ئۇستاز مەۋدۇدى تاكى 20-ئەسىرنىڭ 70-يىللىرىنىڭ باشلىرىغىچە مۇشۇ جامائەتنىڭ ئەمىرلىكىنى ئۆتىگەن. 70-يىللارنىڭ بېشىدا ياشىنىپ قالغانلىقى ئۈچۈن ۋاقتىنى مەخسۇس يېزىقچىلىققا ئاجرىتىش ئۈچۈن ئەمىرلىك ۋەزىپىسىدىن ئىستېپا بەرگەن. ئۇ جامائەت، ئۇستاز تەربىيىلىگەن يېتەكچىلەرنىڭ يېتەكلىشى بىلەن ھېلىمۇ بوشاشماي ئىسلام ئۈچۈن خىزمەت قىلىۋاتىدۇ.

قولىڭىزدىكى بۇ كىتاب ئۇستازنىڭ «ئىسلام جامائىتى» نىڭ قۇرۇلتىيىدا جامائەت ئەزالىرىغا سۆزلىگەن نۇتقىدۇر. ئۇستازنىڭ بۇ نۇتۇقى ئىسلام ئۈچۈن پۈتۈن كۈچى بىلەن خىزمەت قىلىۋاتقان قېرىنداشلارغا ئىلھام ۋە كۆرسەتمە، ئىسلام دۈشمەنلىرىنىڭ مۇقەددەس نەرسىلىرىمىزگە قىلىۋاتقان شۇنچە كۈچلۈك ھۇجۇملىرى ۋە سىېلىۋاتقان تەھدىتلىرى ئالدىدىمۇ پەرۋاسىز ۋە ئېرەنسىز ياشاۋاتقانلارغا ئاگاھلاندۇرۇش سىگنالى بولار دېگەن ئۈمىدتىمىز.

ئۇلۇغ ئىگىمىز شۇنداق بولۇشقا نېسىپ قىلغاي!

تەھرىردىن

## مۇندەرىجە

1-بۆلۈم مانا بۇ بىزنىڭ دەۋىتىمىز......1
2-بۆلۈم ھەرىكەت يولىمىز......15
3-بۆلۈم ئىسلامىي ھەرىكەت ئىچىدە ھەرىكەت قىلىۋاتقانلارغا زۆرۈر سۈپەتلەر......28
1- شەخسىي سۈپەتلەر......28
2-جامائەت سۈپەتلىرى......34
3-ئاللاھ يولىدا كۈرەش قىلىشتا لازىم بولىدىغان سۈپەتلەر......37
ئاللاھ بىلەن ئالاقە باغلاش......46
ئاللاھ بىلەن ئالاقە باغلاشنىڭ مەنىسى......49
ئاللاھ بىلەن بولغان ئالاقىنى كۈچەيتىش يولى......51
ئاللاھ بىلەن بولغان ئالاقىنى يۈكسەلدۈرۈشنىڭ ۋاستىلىرى......54
ئاللاھ بىلەن بولغان ئالاقىنىڭ ئۆلچىمى......57
دۇنيادىن ئاخىرەتنى ئارتۇق كۆرۈش......59
ئاخىرەت غېمىنى بارلىققا كەلتۈرۈشنىڭ ۋاستىلىرى......62
ئائىلە ئىشلىرىغا كۆڭۈل بۆلۈش......65
ئارىنى ياخشىلاش ۋە ئۇنىڭ يولى......67
ئىجتىمائىي تەنقىدنىڭ ئەڭ مۇۋاپىق يولى......69
ئاڭلاش، ئىتائەت قىلىش ۋە جامائەت تۈزۈمىگە بويسۇنۇش......72
جامائەت باشلىقلىرىغا نەسىھەت......75
ئەڭ ئاخىرقى نەسىھەت......76
مۇسۇلمان ھەمشىرىلەرگە نەسىھەت......79

# 1-بۆلۈم مانا بۇ بىزنىڭ دەۋىتىمىز

دەۋىتىمىزنى ۋە ئۇنىڭ غايە-نىشانلىرىنى ئازغىنا سۆزلەرگە ئىخچاملىماقچى بولساق ئاساسلىق تۆۋەندىكى ئۈچ مۇھىم تەلەپكە يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ.

ئۇلار تۆۋەندىكىچە:

1) بارلىق ئىنسانلارغا بولۇپمۇ، مۇسۇلمانلارغا قارىتىلغان دەۋىتىمىز بولسا ئۇلارنى يالغۇز بىر ئاللاھقا ئىبادەت قىلىشقا ۋە ئۇنىڭغا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەسلىككە ۋە ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ ۋە رەب تۇتماسلىققا چاقىرىشتۇر.

2) ئىسلامنى دىنىم دەپ تاللىغانلىقىنى ئاشكارىلىغان كىشىلەرنىڭ ھەر بىرىگە قارىتىلغان دەۋىتىمىز- ئىبادەتنى ئاللاھقىلا خالىس قىلىشقا، نەپسىنى نىفاقنىڭ ئەيىب-نۇقسانلىرىدىن ۋە ئەمەللەرنى ئۆز-ئارا قارمۇ-قارشى قىلىشتىن پاكلاشقا چاقىرىشتۇر.

3) زېمىن يۈزىدىكى بارلىق ئىنسانلارغا قارىتىلغان دەۋىتىمىز -زېمىننى بۇزۇقچىلىققا تولدۇرغان تاغۇتلار ۋە فاجىرلار. شۇنىڭغا تايىنىپ زورلۇق-زومبۇلۇق قىلغان تاغۇتلارنىڭ يىلتىزلىرىغا ئومۇميۈزلۈك ئىنقىلاب قوزغاشقا؛ بۇ پىكىرىي ۋە ئەمەلىي رەھبەرلىكنى ئاللاھقا، ئاخىرەت كۈنىگە ئىشىنىدىغان، ھەق دىنغا بويسۇنىدىغان، زېمىندا پىتنە-پاساتچىلىق ۋە چوڭچىلىق قىلىشنى كۆزلىمەيدىغان كىشىلەرنىڭ تۇتىشى ئۈچۈن، ئۇنى تاغۇتلار ۋە فاجىرلارنىڭ قولىدىن تارتىۋېلىشقا چاقىرىشتۇر.

بۇ ئۈچ تەلەپ چېڭقى چۈشتىكى قۇياشتەك بىر-بىرىدىن روشەن. لېكىن، ئۇ تەلەپلەرنى تونۇش قۇياشى ئۆچۈپ، ئۇلارنىڭ ھەقىقىتى نادانلىق، غاپىللىق ۋە قاتماللىق

پەردىلىرى بىلەن يۆگىلىپ قېلىپ، مۇسۇلمان ئەمەس، ئىسلام دەۋىتىنى ۋە تەلىماتلىرىنى تونۇش نىسىپ بولمىغان كىشىلەر تۇگۇل، ھەتتا مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆزلىرىمۇ، ئۇلارغا مۇشۇ ئۇچ تەلەپنى چۈشىنىشكە ۋە ئۇلارنىڭ نىشانى ۋە نېگىزىنى بايان قىلىپ بېرىشكە موھتاج بولۇپ قالغانلىقى ئەپسۇسلىنىدىغان ئىشلارنىڭ جۈملىسىدىندۇر.

ئەھۋال مانا مۇشۇنداق. بىز چاقىرىۋاتقان يەككە-يېگانە ئاللاھقىلا ئىبادەت قىلىشنىڭ مەقسىتى ــ ئۇلۇغ ئاللاھقا ئىبادەت قىلىدىغانلىقىنى ئىقرار قىلىش، ئاندىن ئەمەلىي ھاياتىدا كۆرسىتىش. ئىلگىرىكى جاھىلىيەت ھاياتىدەك قانداق بولغان بولسا شۇنداق، ئەركىن، ئازادە تۇرىۋېرىش ئەمەس. بەلكى، بەندىنىڭ ئاللاھ تائالا كائىناتنىڭ ياراتقۇچىسى، زېمىندىكى بارلىق مەۋجۇداتلارنىڭ رىزىق بەرگۈچىسى، بارچە مەخلۇقلارنىڭ ئىبادىتىگە لايىق زات ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت تەۋھىد كەلىمىسىگە ئىمان ئېيتىش. لېكىن، ئۇنىڭ بۇ ھاياتى دۇنياغا، ھاياتى دۇنيانىڭ مەسىلىلىرىگە ۋە ھاياتى دۇنيانىڭ تۈرلۈك، خىلمۇ-خىل ئىشلىرىغا قارىتا ھۆكۈمدارلىق ھوقۇقى يوق دەپ ئېتىقاد قىلىش ئاللاھقا ئىبادەت قىلىشنىڭ مەقسىتى ئەمەس.

ھاياتنىڭ دىنغا پاكى دىنى ئىشلارغا ئالاقىدار بولىدىغان قىسمى ۋە دۇنياغا، دۇنيادىكى ھەر تۈرلۈك، خىلمۇ-خىل ئىشلارغا مۇناسىۋەتلىك بولغان قىسمى دەپ ئىككى قىسىمغا بۆلىنىشى، ئاللاھقا ئىبادەت قىلىش ئەقىدىلەر- ئىبادەتلەر، شەخسىي ھايات ۋە شەخسىي ئەھۋاللارغا ئالاقىدار بولغان مەسىلىلەر دائىرىسىدىن چىقىپ كەتمەيدىغان (ئومۇملاشقان ئاتالغۇدىكى) دىنى قىسمىغىلا چەكلىنىپ قېلىشىمۇ ھەم ئىبادەتنىڭ مەنىسىدىن ئەمەس.

دۇنيا ھاياتىغا ۋە ئۇنىڭ خىلمۇ-خىل ئىشلىرىغا، ئاۋات قىلىش، سىياسەت، ئىقتىساد، ئەدەبىيات ۋە ئەخلاق مەسىلىلىرى قاتارلىق خىلمۇ-خىل شاخچىلىرىغا

يەككە-يېگانە يالغۇز ئاللاھنىڭ ھۆكۈمرانلىق قىلىش ھوقۇقى يوق ۋە ئۇ ئىشلارنىڭ دائىرىسىدە ئاللاھنىڭ ھۆكۈملىرىنى ئىجرا قىلىشمۇ يوق. بەندە ئۇ ئىشلاردا ئەركىندۇر، خالىغان ئىشنى قىلىدۇ. ئۆزى ئۈچۈن زېمىننى گۈللەندۈرۈش ۋە باشقۇرۇش تۈزۈملىرىدىن خالىغان تۈزۈمنى تۈزىدۇ ياكى بار بولغان تۈزۈملەردىن ئۆزى ياخشى كۆرگەن ۋە رازى بولىدىغان تۈزۈمنى تاللايدۇ، دەپ قاراشمۇ ئىبادەتنىڭ مەنىسىدىن ئەمەس.

بۇ يۈرتلاردىكى ( ئەلۋەتتە، دىن بىر ئۆزگەرمەس،كىتاب بىر، ئۇنىڭغا ئالدى – ئارقىدىن باتىل كېلەلمەس بولغاچقا، ھەم دۇنيانىڭ باشقا يۇرتلىرىدىكى) ئىسلام دەۋىتى ئېلىپ بارغۇچىلار ئىبادەتنىڭ بۇ مەزمۇنلىرىنىڭ ھەممىسى باتىل دەپ ئېتىقاد قىلىدۇ. ئۇ مەزمۇنلار تۈگىتىلىشى ۋە يوق قىلىنىشى كېرەك دەپ قارايدۇ. شۇنداقلا، كۇپرى-جاھىلىيەت تۈزۈمىنى ۋە شۇ تۈزۈمنىڭ ئاپىتىنى يىلتىزىدىن يۇلۇۋېتىشنى كۆزلەيدۇ. چۈنكى، بۇ مەزمۇنلار ۋە چۈشەنچىلەر ھەقىقەتنى خۇنۇكلەشتۈردى ۋە دىننىڭ ئىدىيىسىنى ئاستىن-ئۈستۈن قىلىۋەتتى.

ئاتىمىز ئادەم ئەلەيھىسسالامدىن باشلاپ، يولباشچىمىز ، مۇرسەل پەيغەمبەرلەرنىڭ ئىمامى ۋە ئەڭ ئاخىرقىسى، ساۋاتسىز پەيغەمبەر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغىچە بولغان ھۆرمەتلىك ئەلچىلەر چاقىرغان ئىبادەتنىڭ مەقسىتى ــ بەندىنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭغا موھتاج. بەندىلىرى ئارىسىدا ھۆكۈم چىقارغۇچى، ئىنسانلار ئارىسىدا ئىتائەت قىلىنغۇچى، دەستۇرلارنى-قانۇنلارنى چىقىرىپ بەرگۈچى، ئۇلارنىڭ ئىشلىرىغا ئىگىدارچىلىق قىلغۇچى، ئۇلارنىڭ ئىشلىرىنى ئورۇنلاشتۇرغۇچى، ئۇلارنىڭ ئەمەللىرىگە جازا–مۇكاپات بەرگۈچى يېگانە ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ يوق دەپ ئىقرار قىلىشى، ئۆزىنى ئاشۇ ئەزىز، ھەممىگە قادىر ئاللاھقا بويسۇندۇرۇشى، دىنىنى خالىس قىلىشى، ئۆزىنىڭ شەخسىي ھەم كوللېكتىپ ھاياتىدىكى ئەخلاقىي،

سىياسىي ،ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي ئىشلىرىنىڭ ھەر بىرىدە ئاللاھقا بويسۇنۇشتۇر. بىز شۇنداق قارايمىز، ئۇنىڭغا جەزىم قىلىمىز، ئېتىقاد قىلىمىز ۋە كىشىلەرنى شۇنىڭغا چاقىرىمىز.

غالىب ئاللاھنىڭ قۇرئاندىكى «ئى مۇئمىنلەر! ئىسلام دىنىغا پۈتۈنلەي كىرىڭلار» بەقەرە 208-ئايەت. ( ئىسلام دىنىنىڭ پۈتۈن ئەھكاملىرىغا بويسۇنۇڭلار، بەزى ئەھكاملىرىغا ئەمەل قىلىپ، بەزى ئەھكاملىرىنى تەرك ئەتمەڭلار ). يەنى ئاللاھنىڭ دىنىغا پۈتۈن ھاياتىڭلار بىلەن، ھېچقانداق نەرسە ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىن ئايرىلمىغان، ھايات بۆلەكلىرىنىڭ ھېچبىرسى ئۇنىڭ نوپۇز دائىرىسىدىن چىقىپ كەتمىگەن ھالدا تولۇق كىرىڭلار دېگەن سۆزى شۇ مەنىدە كەلگەن. دېمەك، ھاياتىڭلارنىڭ ھېچبىر تەرىپىدە ئاللاھقا ئىبادەت قىلىشتىن ئايرىلىش، بىز ئىشىمىزدا ئەركىن، يوللار ۋە تۈزۈملەردىن ئۆزىمىز خالىغاننى تاللايمىز، ياكى بار بولغان ھازىرقى زامان تۈزۈملىرىدىن ۋە قانۇنلىرىدىن ئۆزىمىز ياخشى كۆرگەنگە ئەگىشىمىز دەپ ئويلاش سىلەرنىڭ ئىشىڭلاردىن بولمىسۇن. مانا بۇ بىز تارقىتىۋاتقان، ئومۇملاشتۇرۇۋاتقان، مۇسۇلمان بولغان-بولمىغان بارلىق ئىنسانىيەتنى ئۇنى قوبۇل قىلىشقا، ئۇنىڭغا ئىشىنىشكە ۋە بويسۇنۇشقا چاقىرىۋاتقان «ئىبادەت» نىڭ مەنىسىدۇر.

بۇ ئۈچ تەلەپنىڭ ئىككىنچىسى ـــ ئىسلامغا ئىشىنىدىغان، ئىمان ئېيتىدىغان قىياپەتتە تۇرىدىغان كىشىلەردىن، روھلىرىنى نىفاقنىڭ ئەيىب-نۇقسانلىرىدىن، ئەمەللىرىنى ئۆز-ئارا قارمۇ-قارشى كېلىشتىن پاكلاشنى تەلەپ قىلىشتۇر.

بۇ سۆزدىكى نىفاقتىن مەقسەت ـــ بىر كىشىنىڭ ئالاھىدە بىر تۈزۈمگە ئىشىنىدىغانلىقىنى دەۋا قىلىپ، ئۇنىڭغا تەۋەدەك ۋە ئۇنىڭ پېشىغا ئېسىلغاندەك كۆرۈنۈپ، ئاندىن، ئۆزى ئىشىنىدىغان تۈزۈمگە قارشى تۇرىدىغان ھايات تۈزۈمى ئىچىدە خاتىرجەم، خۇشال-خۇرام ھالدا ياشىشى، ئۆزى ئىشىنىدىغان ئەقىدىگە قارشى ئاشۇ

تۇزۇمنى ئاغدۇرۇش ۋە ئۇنىڭ ئورنىغا ياخشى تۈزۈمنى ئالماشتۇرۇشقا تىرىشماسلىقى، ھەرىكەت قىلماسلىقى، بەلكى، ئاشۇ بۇزۇق، زالىم تۈزۈمنىڭ تۈۋرۈكلىرىنى مۇستەھكەملەشكە ياكى ئۆزى ئۇنىڭ قوينىدا تىنچ، خۇشال-خۇرام ياشاۋاتقان زالىم تۈزۈمنىڭ ئورنىغا باشقا بىر باتىل تۈزۈمنى تىكلەشكە كۈچ چىقىرىشى ۋە تىرىشچانلىق قىلىشىدۇر.

بۇ تۈردىكى كىشىلەر مۇناپىق بىلەن ئوخشاش. دېمەك، بىرەر ھاياتلىق تۈزۈمگە ئىشىنىش، ئاندىن، ئۇنىڭغا قارشى تۈزۈمگە كۆڭۈل بېرىش قولاققا ياقمايدىغان، ئەقىل ۋە ھېچقانداق قانۇن رازى بولمايدىغان ئىشتۇر.

بىر ئىنساننىڭ ئاللاھنىڭ سۆزىنىڭ ئالىي بولۇشىنى، دىنىنىڭ ھەممىسى ئاللاھقا مەنسۇپ بولۇشىنى، ئۆز دەۋىتى ئارقىلىق، ئىنسانىيەت ئالدىدىكى ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىش ئارقىلىق زېمىندا ئىسلام بايرىقىنى كۆتۈرۈۋاتقان كىشىدىن بايراق تالىشىدىغان ئادەمنىڭ مەۋجۇت بولماسلىقىنى چىن كۆڭلىدىن ئارزۇ قىلىشى، دىنىنىڭ يىلتىزىغا مۇسىبەت كەلگەنلىكىنى كۆرگەن چاغدا، دىنىنىڭ ھوقۇقىنى ياكى نوپۇز دائىرىسىنى كېمەيتىدىغان بىرەر ئىشنى كۆرگەن چاغدا كۆڭلى خاتىرجەم ۋە خۇشال بولالماسلىقى ئىماننىڭ تۈنجى تەقەززالىرىدىندۇر.

شۇنىڭغا ئوخشاش، ئاشۇ ئادىل تۈزۈمنىڭ ئۆز ھەيۋىسىنى ۋە ھۆكۈمرانلىقىنى قايتۇرۇۋالغانلىقىنى، ئۇنىڭ بايراقلىرى لەپىلدىگەنلىكىنى، ئۇنىڭ سۆزى ئىنسانلار ئارىسىدا ئىجرا بولغانلىقىنى كۆرمىگىچە ئۇنىڭ كۆڭلى خاتىرجەم ۋە تۇرمۇشى خۇشال-خۇرام بولماسلىقى ئىماننىڭ ئالامەتلىرىدىندۇر.

مانا بۇ ئىماننىڭ تەرسا ئادەمدىن ياكى ھەددىدىن ئاشقۇچى ئادەمدىن باشقا ئادەم قايىل بولىدىغان ئالامەتلىرى ۋە بەلگىلىرىدىندۇر.

بىر ئىنساننىڭ ئۇنىڭدا دىنىنىڭ ھۆكۈمرانلىق ئورنى يوق؛ دىنى جەمئىيەتنى

باشقۇرۇۋاتقان زالىم تۈزۈمگە زىيان يەتمەيدىغان، زالىم تۈزۈمنىڭ باشقۇرۇش ۋە ھۆكۈمرانلىق دائىرىسىگە ئارىلاشمايدىغان نىكاھ-تالاق ۋە مىراس مەسىلىلىرىگە ئوخشاش تار دائىرىدە چەكلەپ قويىدىغان باتىل زاماندىكى تۈزۈملەر سايىسىدا رازى بولۇپ، قانائەتلىنىپ، خۇشال ھالدا، تومۇرى كۆپمەي، يۈرىكى سالماي ياشىشى. ئاللاھ بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، بۇنىڭغا ئوخشاش ئىش شەكسىز نىفاقنىڭ ئالامەتلىرىدىندۇر ۋە يىلتىزىدىندۇر.

بەزىدە بۇنداق كىشىلەر بەزى فىقھى ئالىملىرىنىڭ ۋە ئۇستازلارنىڭ ياردىمى ۋە قوللىشىنى تاپىدۇ. سان تىزىملىكىدە ۋە پەتىۋاخانىلاردا مۇسۇلمان ھېسابلىنىۋېرىدۇ. لېكىن، پەتىۋاچىلار ئەرزىمەس مائاشقا ۋە دۇنيا لەززىتىگە ئامراقلىقىدىن، باشقىچە پەتىۋا بەرسىمۇ، شەرىئەتنىڭ روھى بۇنداق ھەرىكەتكە مۇناپىقلىق دەپ ھۆكۈم قىلىشتىن باشقىغا رازى ئەمەس.

مۇسۇلمانلاردىن ۋە ئىسلام سىياقىدا كۆرۈنىدىغان كىشىلەردىن كۈتىدىغىنىمىز ۋە ئۇلارنى ئۇنىڭغا چاقىرىدىغىنىمىز بولسا ئۆز دىنىنى ئاللاھقا خالىس قىلىش ۋە نىفاقنىڭ ئارىلاشمىلىرىدىن پاكلاشتۇر.

ئىنسانىنىڭ ئاللاھنىڭ ئەلچىلىرى ئېلىپ كەلگەن ھاياتلىق تۈزۈملىرىگە ۋە باشقۇرۇش تۈزۈملىرىگە، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي يوللارغا ھېچكىم قارشى چىقماسلىقىنى ياكى بىرەر توسقۇنلۇق قىلغۇچى توسقۇنلۇق قىلماسلىقىنى، ئۇ تۈزۈملەرنىڭ بېشى ئۈستۈن، غالىب، يۈكسەك، دۇنيادا گېپى ئۆتىدىغان بولىشىنى چىن دىلىدىن ئارزۇ قىلىشى مۇشۇ ئىمانىنىڭ بىر ھوقۇقىدۇر. ئۇنداقتا، ئۇ تۈزۈملەرگە رازى بولىدىغان ۋە ئۇنىڭ باغرىدا مەمنۇن، خۇشال ھالدا ياشايدىغان كىشى قانداق بەختلىك بولار- ھە؟ ئەمما، باتىل تۈزۈملەرنىڭ تۈۋرۈكلىرىنى مۇستەھكەملەشنىڭ كەينىدە، ئۇلارنىڭ سۆزىنى ئۈستۈنلىككە ئېرىشتۈرۈش ئۈچۈن كۈچ چىقىرىشقا جۈرئەت

قىلىدىغان كىشى بولسا ئازغۇنلۇقتا ئەڭ چوڭقۇر، گۇمراھلىقتا ئەڭ قاتتىقتۇر. (ئاللاھ بىزگە ۋە سىلەرگە بۇنداقلارنىڭ يامانلىقلىرىدىن پاناھلىق بەرسۇن).

مۇسۇلمان ئۆيدە چوڭ بولغان كىشى بىلەن ئۆزى ئىسلامغا كىرگەن كىشىنى ئايرىماستىن، بارلىق مۇسۇلمانلارنى ئۆز ئەمەللىرىنى ئۇنىڭ كۆرۈنۈشلىرىدىن پاكلاشقا چاقىرىۋاتقان قارمۇ-قارشى بولۇپ قېلىشتىن مەقسەت ـ كىشىنىڭ ئەمىلىنىڭ تىلدا دەۋا قىلىۋاتقان ۋە سۆزلىرىدە ئىپادىلەۋاتقان ئىمانغا قارشى كېلىشىدۇر .

شۇنداقلا، كىشى ئەمەللىرىنىڭ ھايات ئىشلىرىنىڭ ئۆزگىرىشى سەۋەبىدىن ئۆزگىرىشى ۋە بىر-بىرىگە قارمۇ-قارشى كېلىشى شۇنىڭ جۈملىسىدىندۇر.

ئىنسانىنىڭ ئۆز ھاياتىنىڭ بىر تەرىپىدە ئاللاھنىڭ بۇيرۇقلىرىغا ۋە شەرىئەتكە چىڭ ئىسلىشى، ھاياتىنىڭ باشقا تارماقلىرىدا ئاللاھنىڭ بۇيرۇقىغا ئاسي بولۇشى، ئاللاھنىڭ چېگرالىرىدىن چىقىپ كېتىشى ھەرگىز ئىسلامدىن ئەمەس.

ئىنسانىنىڭ ئۆز نەپسىنى ئاللاھقا بويسۇندۇرۇشى ۋە ھاياتىدىكى ھەممە ئىشتا ھەق دىنىنىڭ ئىچىگە كىرىشى، ئاللاھنىڭ بۇيرۇقلىرىدىن ھېچبىرسىگە ئاسي بولماسلىقى ۋە ھېچنەرسە ئاشۇ ئومۇمىيۈزلۈك ئىبادەتتىن، ئاللاھنىڭ دىنى ۋە شەرىئىتىگە تولۇق ئەگىشىشتىن چىقىپ كەتمەسلىكى ئىمانىنىڭ تەقەززالىرىدىندۇر.

دۇنيانىڭ قىزىقتۇرغۇچى كۆرۈنۈشلىرىنىڭ تەسىرىگە قەتئىي ئۇچرىماي، ھاياتىدا ۋە ئەمەللىرىدە توغرا يولدىن چېكىنمەي، ئاللاھنىڭ دىنىغا تولۇق بويسۇنۇش مۇئمىنىنىڭ بەلگىلىرىدىندۇر.

ئۇنىڭدىن خاتالىق ۋە مەئسىيەت پۈرىقى چىقىدىغان كەمچىللىك ياكى يامانلىققا ۋە گۇناھقا ئېلىپ بارىدىغان سەۋەنلىك يۈز بەرگەن چاغدا ئاللاھتىن مەغپىرەت تەلەپ قىلىش ۋە تەۋبە قىلىش مۇئمىنىنىڭ ئالامىتىدىندۇر.

ئەمما كىشىنىڭ ئاللاھقا ئىشەنگەنلىكىنى دەۋا قىلىشى، روزا تۇتۇشى، ناماز

ئوقۇشى، مۇئەييەن چەكلىك بەلگىلىمىلەرنى ئادا قىلىشى، ئاندىن ئۆزىنى چەكلىمىگە ئۇچرىمايدىغان ۋە ھاياتنىڭ باشقا ئەمەلىي دائىرىلىرىدە ئاللاھنىڭ بۇيرۇقىغا بويسۇنمايدىغان ئەركىن-ئازادە ئادەم دەپ ئويلىشى، ئىبادەتنى يوققا چىقىرىدىغان قارمۇ-قارشى بولۇپ قىلىشىدۇر.

بۈگۈنكى كۈندە مۇسۇلمانلار دۇنياسىنىڭ ھەر قايسى تەرەپلىرىدە قىلىۋاتقان ئالدامچىلىققا نىسبەتەن سىزنىڭ پىكرىڭىز نېمە؟

ئۇلار ئاللاھ ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشىنىشنى ئېغىزلىرىدا سۆزلەيدۇ، ئىسلام سىياقىدا كۆرۈنىدۇ ۋە ئىسلامنىڭ بەلگىلىرىنى تاقايدۇ.لېكىن، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ھاياتلىقنىڭ ئەمەلى جېڭىگە كىرگەن، سىياسى دېڭىزغا شۇڭغۇغان، ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادى مەسىلىلەر توغرىلىق ئىزدەنگەن چاغدا ئىسلام تەلىماتلىرىنىڭ بەلگىسىنى، ئۇلارنىڭ ھەق دىنغا ۋە مۇكەممەل شەرىئەتكە ئەگەشكەنلىكىنىڭ بىرەر تەسىرىنى ئۇلاردا تاپالمايسەن.

قايسى ئالدامچىلىق مۇشۇنىڭدىنمۇ چوڭراق ۋە قەبىھراق؟

ھالبۇكى، ئۇلار ئەتىگەن-ئاخشامدا ئاللاھتىن باشقىغا بويسۇنمايمىز ۋە ئاللاھتىن باشقىدىن ياردەم سورىمايمىز دەپ ئىقرار قىلىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن، ھەر قانداق چاقىرىققا ئەگىشىشتىن، ھەر قانداق نەزەرىيە ۋە پىكىرگە بويسۇنۇشتىن، ئاللاھنىڭ زېمىنىدا تەكەببۇرلۇق قىلغۇچى، زومىگەرلىك قىلغۇچىغا باش ئېگىشتىن ۋە ئۇنىڭ بۇيرۇقىغا بويسۇنۇشتىن ئۇلارنىڭ ئىچى سىقىلمايدۇ. ئاشۇ قارمۇ-قارشى كېلىشنىڭ بەلگىسى مانا شۇلاردۇر.

مانا بۇلار مۇسۇلمانلارنىڭ ئاساسلىق ئەخلاقى ۋە ئىجتىمائىي كېسەللىرىدۇر. مۇسۇلمانلاردا بۇ ئەجەللىك ئەخلاقىي كېسەللىكلەر داۋاملاشسا ئۇلارنى چۈشكۈنلۈك، خارلىق ۋە چېكىنىش كېسەللىكىدىن ساقايتىشنى، بەختسىزلىك ۋە خورلۇق ئورنىغا

چۇشۇرۇپ قويغان ۋە قويۇۋاتقان ئازگالدىن ئۇلارنى تارتىپ چىقىرىشتا ئۇمىد يوقتۇر.

مۇسۇلمانلارنىڭ ئالىملىرى، شەيخلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئىشلىرىنىڭ تىزگىنلىرىگە ئىگە بولغۇچىلار بىر زامانلاردىن بۇيان، دىن ئىشلىرىدىن شاھادەت ئېيتىش، ناماز ئوقۇش، روزا تۇتۇش، ھەج پائالىيەتلىرىنى ئادا قىلىش ۋە مۇئەييەن چەكلىك بەلگىلىمىلەرنى ئادا قىلىش يېتەرلىك بولىدىغانلىقىغا، ئاشۇنىڭدىن كېيىن، خالىغان يامانلىقنى قىلسا، كاپىر، ئازغۇن باشلىقلاردىن خالىغان كىشىگە ئەگەشسە ياكى ئازغۇن پىكىر ۋە نەزەرىيەلەردىن خالىغاننى تاللىسا، ئۇلارغا زىيان يەتمەيدىغانلىقىغا ۋە ئۇلارنى نىجاتلىق يولىدىن ھېچنەرسە توسالمايدىغانلىقىغا، ئۇلارنىڭ ئالدىدا جەننەت ئىشىكى تاقىلىپ قالمايدىغانلىقىغا ئۇلارنى ئىشەندۇرۇشكە باشلىغانلىقى ھەسرەت ۋە قايغۇدىن يۈرەكنى ئېرىتىۋېتىدىغان ئىشلارنىڭ جۈملىسىدىندۇر. ئۇلارنىڭ يۈزى قېلىنلىقى ۋە دىنغا قارشى جۈرئەتلىك بولۇشى شۇ دەرىجىگە بېرىپ يەتتىكى، ئۇلار ئىسلامنىڭ سىمۋولىنى تاقاش ئۇستىمىزگە يۈكلەنگەن شەرئەت مەجبۇرىيەتلىرىنى ئادا قىلىشقا كۇپايە قىلىدۇ دەپ قارىدى. ھەتتا، ئازغۇن باشلىقلار بۇ ئەسىردە يەنە بىر قەدەم ئىلگىرلەپ، مۇسۇلمانلارنىڭ ئىسىملىرىنى قويۇش رەسمىي ستاستىكا تىزىملىكىگە ئۇلارنىڭ ئىسىملىرىنى مۇسۇلمان دەپ تىزىملاشقا كۇپايە دېدى ۋە مۇسۇلمان بولمىغان ھۆكۈمەتلەردە ھۆكۈم ۋە بۇيرۇق قىلىش مەنسىپىگە ئورۇنلاشتى. بەئەينى قۇرئان ئۇلار ھەققىدە مۇنداق نەقىل قىلغان كىشىلەرگە ئوخشاش. «ئۇلار بىزنى دوزاخ ئوتى ساناقلىق كۈنلەرلا كۆيدۇرىدۇ دەيدۇ. ئۇلارغا سىلەرگە ئاللاھ شۇنداق قىلىشقا ۋەدە بەرگەنمۇ، ۋەدە بەرگەن بولسا ئاللاھ ۋەدىسىگە ھەرگىز خىلاپلىق قىلمايدۇ ياكى ئۆزۈڭلار بىلمەيدىغاننى ئاللاھ نامىدىن دەۋاتامسىلەر؟ دېگىن». سۈرە بەقەرە 80-ئايەت.

مۇسۇلمانلارنىڭ غەربتىن ئىمپورت قىلىنغان كوممۇنىزم، ناتسىتزم،

دېموكراتىيەلەرگە ئوخشاش يېڭى نەزەرىيەلەرگە ئېتىقاد قىلىدىغانلىقىنى، مەيلى مۇسۇلمان ياكى مۇسۇلمان ئەمەس پادىشاھلارنىڭ بولسۇن، ئىشقىلىپ زېمىندا ناھەق زورلۇق قىلىدىغان زالىملار، فاجىرلارنىڭ تەلىماتلىرىغا ئەگىشىدىغانلىقىنى، ئاشۇنىڭدىن سىقىلمايدىغانلىقىنى، ئۇيالمايدىغانلىقىنى، بۇ نەزەرىيەلەر، كۆز قاراشلار ۋە بۇ زالىم-زوراۋانلارنىڭ ئىسلام يولىغا قارشى ئىكەنلىكىنى ۋە توغرا يول ئۇلارنىڭ ئەگرى يولىغا زىت ئىكەنلىكىنى ھېس قىلمايدىغانلىقىنى كۆرۈشىمىز، مۇسۇلمانلارنىڭ تەنلىرى ۋە روھلىرىنى قاپلىغان بۇ جاھىل خاراكتېرلىك كېسەلنىڭ بىر نەتىجىسىدۇر.

ھەق دىنغا ئېتىقاد قىلغۇچى مۇسۇلمان ئاللاھقا ئۆزىنى بېغىشلىغان، گۇرۇھۋازلىقتىن قۇتۇلغان، ھەق پىكىرگە قارشى كەلگۈچى ھەر قانداق پىكىردىن يۈز ئۆرۈگەن بولۇش. ئاللاھ ئۇنىڭغا پاكىت چۈشۈرمىگەن ئەگرى يوللار ۋە ساختا پروگراممىلاردىن ئۈزۈلۈش ئۈچۈن داۋاملىق تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن بولۇشنى تەلەپ قىلىشىمىز دەۋەتنىڭ ئەڭ مۇھىم پرىنسىپلىرىدىندۇر. سىلەر مۇشۇنى بىلگەن چېغىڭلاردا بىزنىڭ ئاساسلىق ئۈچ تەلىپىمىز قاتارىدىكى ئۈچىنچى تەلەپتىن نىمىنى ئىرادە قىلىدىغانلىقىمىز سىلەرگە مەخپىي قالمايدۇ.

زېمىندىكى بارلىق ئىنسانلارغا قارىتىلغان دەۋىتىمىز — زېمىننى پىتنە-پاساتقا توشقۇزغان تاغۇتلار ۋە فاجىرلار شۇنىڭغا تايىنىپ زورلۇق-زومبۇلۇق قىلىۋاتقان ھازىرقى ھۆكۈمرانلىقنىڭ يىلتىزىغا ئومۇمىيۈزلۈك ئىنقىلاب قوزغاشقا، بۇ پىكىرىي ۋە ئەمەلىي رەھبەرلىكنى ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشىنىدىغان، ھەق دىنغا بويسۇنىدىغان، زېمىندا پىتنە-پاساتچىلىق ۋە چوڭچىلىق قىلىشنى كۆزلىمەيدىغان كىشىلەرنىڭ تۇتىشى ئۈچۈن، ئۇنى تاغۇتلار ۋە فاجىرلارنىڭ قولىدىن تارتىۋېلىشقا چاقىرىق قىلىشتۇر.

بىز يۇقىرىدا سۆزلىگەن تولۇق قۇلچىلىق قىلىش، دىننى ئاللاھقا خالىس قىلىش، نەپسىلەر نىفاقنىڭ ئارىلاشمىلىرىدىن، ئەمەللەر قارمۇ-قارشىلىق كۆرۈنۈشلىرىدىن پاك بولۇشى قاتارلىقلارنىڭ تەبىئىي نەتىجىسىدۇر. ئۇنىڭ مەركىزى كۇفرى، دىنسىزلىق، پاسىقلىق ۋە ئاسىيلىقنىڭ تۇگمىنى ئەتراپىدا چۆرگىلەيدىغان، ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ ئەلچىسىدىن چەتنىگەن، ئاللاھقا ئىبادەت قىلىشتىن چوڭچىلىق قىلغان، ئاللاھنىڭ زېمىنىدا ناھەق تەكەببۇرلۇق قىلغان كىشىلەر ئىدارە قىلىدىغان، ئىش بەلگىلەيدىغان ۋە باشقۇرىدىغان ھازىرقى ھايات تۈزۈمىدە ئومۇمىيۈزلۈك ئىنقىلاب قىلغاندىلا ھاسىل بولىدىغانلىقى زىرەك، ئەقىللىق كىشىگە مەخپىي بولمايدۇ.

دۇنيا ئىشلىرىنىڭ تىزگىنى مۇشۇلارنىڭ قولىدىلا بولسا، ئىلىم-پەن، ئەدەبىيات، مائارىپ، گېزىت-ژۇرنال، قانۇن چىقىرىش، ئىجرا قىلىش، خەلقئارالىق ئىشلار، مالىيە ئىشلىرى، سودا-سانائەت مەسىلىلىرى قاتارلىقلارنىڭ چاقى ئۇلارنىڭ ھەرىكەتلەندۇرۇشى بىلەن ھەرىكەتلىنىدىغان، ئۇلارنىڭ باشلىشى ۋە قىزىقىشى بويىچە ماڭىدىغانلا بولسا، مۇسۇلماننىڭ دۇنيادا ئۆز پرىنسىپلىرىنى تۇتۇپ، ئىلاھىي شەرىئەتكە ئەگىشىپ ۋە ئەمەلىي ھاياتىدا شەرىئەتنىڭ قانۇنلىرىنى ئىجرا قىلىپ، مۇسۇلمان ھالىتىدە ياشىيالىشى مۇمكىن ئەمەس.

بىر ئادەمنىڭ شەرىئەت قانۇنىدىن باشقا قانۇنغا بويسۇنىدىغان، ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا مەقبۇل بولغان يولدىن باشقا يولدا ماڭىدىغان يۇرتلاردا ياشاپ تۇرۇپ، ھايات تەرەپلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئۆز-ئىچىگە ئالىدىغان، مۇكەممەل ئىلاھىي دىنغا ئەگىشىشى مۇمكىن ئەمەس. بەلكى، ئۇ مۇسۇلماننىڭ ئۆز ئەۋلادلىرىنى تەربىيىلىشى، ئۇلارغا ئىلاھىي دىننىڭ پرىنسىپلىرىنى ۋە تەلىماتلىرىنى ئۆگىتىشى، ئۇلارنى گۈزەل ۋە پاك ئىسلامىي ئەدەپلەر بىلەن چوڭ قىلىشى قىيىنغا توختايدۇ. چۈنكى، ئۇ كىشى ئۇنىڭ دائىرىسىدە ياشايدىغان كۇفرى ۋە دىنسىزلىق تۈزۈمى ئىسلامىي تەربىيەنىڭ

يولىنى توسىدۇ. ئۇ كىشى ئۇنىڭ ھاۋاسىدىن نەپەسلىنىۋاتقان كاپىر مۇھىت ئۇنىڭغا قەۋم بىلەن ئوخشاش بولۇش، ئۇلارنىڭ ئەخلاقىنى دوراش، ئۇز دىنىدىن ۋە ئەخلاقىدىن تەدرىجىي ئايرىلىشتىن باشقىغا يول قويمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە دىنىنى ئاللاھقا خالىس قىلغۇچى مۇسۇلمان بەندىنىڭ بىر مەجبۇرىيىتى ئاللاھنىڭ زېمىنىنى پىتنە-پاساتنىڭ ۋە گۇناھ-مەئسىيەتنىڭ كىرلىرىدىن پاكلاش، زېمىندا ياخشىلىق ۋە توغرىلىق تۇۋرۇكلىرى ئۈستىگە قۇرۇلغان ئادىل تۈزۈم تۇرغۇزۇشتۇر.

دۇنيا ئىشلىرىنىڭ تىزگىنى تاغۇتلارنىڭ ۋە زېمىندا بۇزغۇنچىلىق قىلغۇچىلارنىڭ قولىدا بولۇپ، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ خاھىشى بويىچە دۇنيانى چۆرگىلەتسە ۋە ئويلىغىنى بويىچە باشقۇرسا، بۇ مەقسەتكە ئېرىشىش ۋە بۇ ئۇلۇغ نىشانغا يېتىش مۇمكىن ئەمەسلىكى ئىنتايىن ئېنىقتۇر. بىزگە بۇ زاماندىكى تەجرىبىدىن ئايان بولدىكى، تەكەببۇرلۇق تۈپەيلى زۇلۇم ۋە تاجاۋۇزچىلىققا كىرىپ كەتكەن، ئاللاھنىڭ زېمىنىدا ناھەق تەكەببۇرلۇق قىلىدىغان كىشىلەر، ياخشىلىق ۋە ئادىللىق تۈزۈمىنى تۇرغۇزۇش يولىدىكى ئەڭ چوڭ داۋاندۇر. ئۇلار تىنچلىق ۋە ئادىللىقنىڭ تۇۋرۇكلىرىنى تىكلەشكە توسقۇنلۇق قىلىدۇ.

شۇنىڭدەك، تەكشۈرۈش، پاكىت ئىزدەش ۋە كۆزدىن كەچۈرۈش ئارقىلىق ئىسپاتلاندىكى، ئاللاھتىن ۋە ئاللاھنىڭ ئەلچىسىدىن بۇرۇلۇپ كەتكەن ئاشۇ تاغۇتلار داۋاملىق ئىش باشقۇرسا، ئىشنى خالىغانچە ئايلاندۇرسا ۋە ئىشلارنىڭ چوڭ-كىچىكىگە يېتەكچىلىك قىلسا، دۇنيانىڭ ئىسلاھ بولۇشىدا، ئىشلارنىڭ توغرا ۋە ھەق ئۆلچەملىرى ئۈستىگە تۇرۇشىدا ئۈمىد يوق.

كۇفرى ۋە ئازغۇنلۇق يېتەكچىلىرىنىڭ رەھبەرلىكىنى يوقىتىش ۋە باتىل تۈزۈملەرنى تۈپ يىلتىزىدىن قومۇرۇپ تاشلاپ، ئۇنىڭ ئورنىغا ئادىل يېتەكچىلىكنى ۋە ھەق تۈزۈمنى ئورنىتىش ئۈچۈن ئۈزلۈكسىز، ئارقىمۇ-ئارقا كۈچ سەرپ قىلىشىمىز،

تىرىشچانلىق قىلىشىمىز، ئىجتىھات قىلىشىمىز، ئىسلامىمىزنىڭ ۋە بەندىچىلىكىمىزنىڭ تەقەززاسىدۇر.

ئوقۇرمەن بۇ ئورۇندا مەندىن ئۇ رەھبەرلىكنى ۋە يېتەكچىلىكنى ئاغدۇرۇپ تاشلاشنىڭ قانداق يولى بار؟ - دەپ سورىشى مۇمكىن.

ئېنىقكى، بۇنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش قۇرۇق ئارزۇ ۋە شېرىن چۈش بىلەن ھاسىل بولمايدۇ. زېمىندا زېمىننىڭ ئىشىنى ئىدارە قىلىدىغان ۋە باشقۇرىدىغان كىشىلەرنىڭ بولۇشى ئاللاھنىڭ قانۇنىيىتىدۇر. مۇشۇ باشقۇرۇش ۋە ئاشۇ سىياسەت، دۇنيا ئىشلىرىنى ئىدارە قىلىشنى ۋە باشقۇرۇشنى خالايدىغان كىشىلەر ئۆزلەشتۈرۈشى لازىم بولىدىغان سۈپەتلەر ۋە ئەخلاقلارغا موھتاج. شۇنىڭدەك، ئاللاھنىڭ زېمىندا ئاشۇ سۈپەتلەر بىلەن سۈپەتلەنگەن، رەھبەرلىك، باشلىقلىق مەنسىپىگە ئورۇنلاشقان ھەر بىر كىشى ئۈچۈن لازىم بولىدىغان ئاشۇ ئالاھىدىلىكلەر بىلەن ئەخلاقلانغان مۇئمىن سالىھ جامائەت مەۋجۇت بولمىسا، زېمىننىڭ ئىشلىرىنى باشقۇرۇشنى ۋە ئىشلارنىڭ رولىنى ئايلاندۇرۇشنى سالىھ ۋە مۇئمىن بولمىغانلاردىن خالىغان كىشىگە تاپشۇرۇش ئاللاھنىڭ ئۆز مەخلۇقاتلىرىدا تۇتقان قانۇنىيىتىنىڭ بىرىدۇر.

ئەمما، ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ ئەلچىسىگە ئىشىنىدىغان، ئىگىدارچىلىق ھوقۇقىنى ئۆتەش ئۈچۈن لازىم بولىدىغان، دۇنيا ئىشلىرىنى باشقۇرۇشتا كەم بولسا بولمايدىغان سۈپەتلەر ۋە زۆرۈر ئەخلاقلارنى ھازىرلىغان مۇئمىن، ياخشى جامائەت بار بولغان چاغدا، زۆرۈر بولغان ئاشۇ ئالاھىدىلىكلەرنى ئۆزلەشتۈرۈپلا قالماستىن، بەلكى، ئىقتىداردا بۈيرۇق بېرىش ۋە ھۆكۈم قىلىش ئورۇنلىرىنى ئىگەللىۋالغان تەكەببۇر زالىملاردىن يۇقىرى تۇرىدىغان مۇشۇنداق جامائەت بار بولغان چاغدا، ئىلاھىي خاھىش ۋە ئىلاھىي قانۇنىيەت زۇلۇمنى ۋە پىتنە-پاساتنى ياخشى كۆرۈپ، زېمىندا بۇزغۇنچىلىق قىلغۇچى زالىملارنى تاللاپ، دۇنيانى ھاۋايى ھەۋەسلىرى ۋە كۆڭۈل ئارزۇلىرى خالىغان بويىچە

بۈزسۈن دەپ دۇنيانىڭ تىزگىنىنى شۇلارنىڭ قولىغا قالدۇرىدۇ دەپ قارىمايمىز.

شۇڭا، بىزنىڭ دەۋىتىمىز قۇرۇق ئارزۇ-ئۈمىد ۋە زېمىندىكى پىتنە-پاساتنى، زۇلۇمنى پۈتۈنلەي يوقىتىپ بېرىشنى ۋە دۇنيا ئىشلىرىنى ئۆزىنىڭ بەندىلىرىدىن سالىھ، مۇئمىن كىشىلەرگە تاپشۇرۇپ بېرىشنى ئاللاھتىن يالۋۇرۇپ سوراشقىلا چەكلىنىپ قالمايدۇ.

بەلكى، بىزنىڭ پۈتۈن دۇنياغا قىلىدىغان دەۋىتىمىز بولسا بىر تەرەپتىن،ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ ئەلچىسىگە ئىشىنىدىغان، يەنە بىر تەرەپتىن، دۇنيا ئىشلىرىنى باشقۇرۇش ۋە ئىنتىزاملاشتۇرۇش ئۈچۈن زۆرۈر بولغان خاراكتېر ۋە تەبىئەتلەرنى ھازىرلىغان سالىھ جامائەتنى تەييارلاشنى مەقسەت قىلىش ۋە كۆڭۈل بۆلۈشتۇر.

بۇ مۇئمىن جامائەت ئاشۇ خاراكتېر ۋە ئالاھىدىلىكلەر بىلەن سۈپەتلىنىپلا قالماي، بەلكى باشقۇرۇش مەسئۇلىيەتلىرىنى ئۈستىگە ئېلىشتا ۋە دۇنيانىڭ ئىشلىرىنى باشقۇرۇشتا زۆرۈر بولغان ئاشۇ ئىقتىدارلاردا، پەزىلەتلەردە ۋە لاياقەتلەردە، سىز بۈگۈنكى كۈندە دۇنيانىڭ تىزگىنلىرىنى تۇتۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈۋاتقان كۇفرى ۋە ئازغۇن يېتەكچىلىرىدىن ۋە ئۇلارنىڭ ياردەمچىلىرىدىن ئىلغار ۋە ئۈستۈن تۇرىدۇ.

# 2-بۆلۈم ھەرىكەت يولىمىز

ئەمدى مەن سىلەرگە (قىسقىچە قىلىپ) بىز بۇ دەۋەتنى تارقىتىش ۋە ئۇنىڭ نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ماڭىدىغان يول توغرىسىدا سۆزلىمەكچىمەن.

بۇ يولىمىز (دەۋىتىمىزگە ئوخشاش) قۇرئان كەرىمدىن ۋە پەيغەمبەرلەرنىڭ تارىخىدىن ئېلىنغان.

دەۋىتىمىزنى قوبۇل قىلغان، دەۋەت جاپاسىنى كۆتۈرۈشكە ۋە بىز بىلەن بىللە دەۋەت بۇرچىنى ئادا قىلىشقا تەييارلانغانلىقىنى ئىپادىلەيدىغان كىشىلەردىن تەلەپ قىلىدىغان تۇنجى تەلىپىمىز ئاللاھنىڭ دىنىغا تولۇق كىرىش، ھاياتى ئىشلىرىدا، پىكرىي ۋە ئەمەلىي جەھەتتە ئاللاھنىڭ ئارغامچىسىغا مەھكەم ئېسىلىش، ئۆزلىرىنىڭ ھاياتىنىكى ئومۇمى يولىنى ئىخلاسمەنلىكىنىڭ ۋە ئۆزىنى ئاللاھقا بېغىشلاشنىڭ دەلىلى قىلىشتۇر.

ئۇلار ھاياتنى ئۆزلىرىنىڭ ئىمانىغا قارشى كېلىدىغان ھەر قانداق نەرسىدىن پاكلاش ۋە تازىلاش ئۈچۈن تولۇق تىرىشچانلىق كۆرسىتىدۇ. بۇ يەردىن، ئۇلارنىڭ روھلىرى كۈچىيىشكە، پارقىراشقا، ئەخلاقى تۈزۈلۈشكە، ھەرىكىتى پاك بولۇشقا، سىناق ۋە ئىمتىھان باسقۇچىغا كىرىشكە باشلايدۇ.

ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى زامانىۋى ئۇنىۋېرسىتېتلار ۋە ئىنستىتۇتلاردا ئىلمىي ئۇنۋانلارغا ئېرىشكەن ئىدى. ئۇلار ئۆز قولى بىلەن ئۆزلىرىنىڭ قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان چۈش قەسىرىنى ۋەيران قىلىشقا، ئۆزلىرىنىڭ ئالدىدىكى كۈلۈپ تۇرغان كەلگۈسىنى قاراڭغۇ قىلىشقا، يۈز-ئابرۇي، مەنسەپ، كەڭتاشاچىلىق ۋە تۇرمۇشى پاراۋان بولۇش ئىمكانىيىتى ئۇلارنىڭ ھاياتىدىلا ئەمەس، بالىلىرىنىڭ ۋە نەۋرىلىرىنىڭ ھاياتىدىمۇ كۆرۈنمەيدىغان يېڭى بىر ھاياتقا كىرىشكە مەجبۇر بولدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى يەنە باشقىلارنىڭ پاراۋان تۇرمۇشى بولسا بۇلاڭ-تالاڭ قىلىش شەكلى ئۈستىگە ياكى كىشىلەرنىڭ ھوقۇقى چەيلەپ يەنجىلگەن مىراسخورلۇق ئۈستىگە قۇرۇلغان ئىدى. ئۇلار بۇنداق پاراۋان تۇرمۇش كەچۈرۈشتىن قول ئۈزدى. چۈنكى، پەرۋەردىگارىمىز دەپ ئىشەنگەن ئاللاھنىڭ شەرىئىتى ئۇلارنى كىشىلەرنىڭ مېلىنى ناھەق يەۋېلىشتىن توسىدۇ. يەنە باشقىلارنىڭ ھايات ۋاستىلىرى شەرىئەتكە ئۇيغۇن ئەمەس ياكى باتىل تۈزۈم بىلەن ئازراق مۇناسىۋەتلىك ئىدى. شۇڭا، ئۇلار ئۇ نەرسىلەردە يۈكسىلىشلەرنى، نېسىۋىلەرنى ۋە نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈشكە كۆز تىكىش ئۇياقتا تۇرسۇن، قانۇنسىز ئۇسۇللار بىلەن تاپقان نانلىرىدىن بىر لوقمىمۇ گېلىدىن ئۆتمەيدىغانلىقىنى ھېس قىلىدىغان ھالەتكە كەلدى. ئۇلار بۇ ھارام ۋاستىلارغا ھەر قانچە ئاددىي، كىچىك بولسىمۇ، شەرىئەتكە ئۇيغۇن، پاك ۋاستىلەرنى ئالماشتۇرۇشقا كۈچىنىڭ يېتىشىچە تىرىشچانلىق قىلىشقا باشلىدى. بۇ يولنىڭ بىر تەبىئىتى شۇكى، ئىنسان ئۇنىڭغا بىر قەدەم باسقان ھامان، ئۆزى ئۇنىڭدا ياشاۋاتقان مۇھىتنىڭ ئۆزگە دۈشمەنلىك قىلىۋاتقانلىقىنى ۋە قىستاۋاتقانلىقىنى

ھېس قىلىدۇ. ئاتا-ئانىسى، بىر تۇغقانلىرى، دوستلىرى، باللىرى، ئۆيدىكىلىرى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى كۈچى يېتىدىغان بارلىق ۋاستىلەرنى قوللىنىپ ئۇنىڭ ئىمانىنى سىناشقا ئۇرۇنىدۇ.

ئۇنىڭ ھاياتىدا دەۋەت يولىغا قەدەم باسقانىنىڭ تۇنجى تەسىرى كۆرۈلگەن ھامان، ئۇنىڭ ھۇزۇر- ھالاۋەتتە، غادىيىپ، ئەركە چوڭ بولغان جايى تىكەنلىك كۆرپىگە ئايلىنىدۇ.

مانا بۇ ئىلاھىي خاھىشنىڭ ئۆزى شەخسلەرنى بۇ يولدا مېڭىشتا ئېھتىياجلىق بولىدىغان ياخشىلىق، تەقۋادارلىق، ئىخلاسمەنلىك ئۈستىگە ۋە پاك، كۈچلۈك ئەخلاقلار ئۈستىگە تەربىيىلەش ئۈچۈن ھازىرلىغان بىرىنچى باسقۇچتۇر.

بۇ تۇنجى باسقۇچنىڭ سىنىقىدا مەغلۇپ بولغان كىشىلەر بىز ئۇلارنى تەكشۈرۈشكە ھېچقانداق ھەرىكەت قىلمىساقمۇ ۋە ئۇلارنى ئايرىۋېتىشنى ئويلىمىساقمۇ، ئۆزىچىلا بىزدىن يىراقلىشىدۇ.

ئاللاھنىڭ تەۋپىقى يار بولغان ۋە بۇ سىناقنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئاخىرلاشتۇرغان كىشىلەرگە كەلسەك، ئۇلار (ئاز دېگەندىمۇ) ئاللاھنىڭ يولىدا مېڭىش، تۇنجى ئىمتىھان-سىناق باسقۇچىدىن مۇۋەپپەقىيەتلىك ۋە غەلىبىلىك ئۆتۈش ئۇنىڭسىز مۇمكىن بولمايدىغان ئىخلاسمەنلىك ۋە ئۆزىنى ئاللاھقا بېغىشلاش قاتارلىقلارنىڭ ئۆزلىرىدە بارلىقىنى ئىسپاتلىغان بولىدۇ.

بىز ئۇلارغا ئىشىنىشىمىز، ئۇلارنىڭ تارىخىغا ۋە ئۇلارنىڭ ئىخلاسمەنلىكى باشقىلارغا قارىغاندا كۈچلۈك ئىكەنلىكىگە تايىنىشىمىز، ئاندىن، ئۇلارنى ئۇنىڭدا بىرىنچى باسقۇچتا يولۇقمىغان ھالسىرىتىپ قويىغۇچى سىناقلار، مۇشەققەتلەر ۋە داۋانلارغا دۇچ كېلىشىمىز چوقۇم بولغان ئىككىنچى باسقۇچقا ئېلىپ كېلىشىمىز كېرەك.

ئىككىنچى باسقۇچتا: بۇ سىناقلار بىرىنچى باسقۇچقا ئوخشاش، ياخشى-يامانىنى ئايرىيدىغان، ساپ، يارامىلىق كىشىلەر ئۇنىڭ قويىنىدا قالىدىغان يەنە باشقا ئوچاقلارنى تەييارلايدۇ.

بىز ئېنىق بىلدۇقكى، مانا بۇ ئىسلام ئۈچۈن خىزمەت قىلغۇچىلار بىر-بىرىگە ئارىلىشىپ كەتكەن ئىنسان كانلىرى ئېچىدىن يارامىلىق ئېلېمېنتلارنى تونۇپ، ئايرىپ چىقىش ۋە تېخىمۇ بەك پايدىلىنىش ئۈچۈن تاللاپ كېلىۋاتقان يولدۇر.

شۇڭا، بىز تولۇق جەزم ۋە ئىشەنچ بىلەن شۇنداق ئېيتالايمىزكى، بۇ سىناق ئوچىقىدا تەييارلانغان تەقۋادارلىق، فىقھى ئەھلىنىڭ ۋە تەسەۋۋۇپ ئەھلىنىڭ كۆز قارىشىدا مۆكەممەل بولمىسىمۇ، دۇنيا ئىنتىزامىنى باشقۇرۇشتىكى مەسئۇلىيەت يۈكىنى ئۈستىگە ئالالايدىغان، فىقھى ۋە تەسەۋۋۇپ ئەھلىنىڭ شەكلەن تەقۋالىقى ئۇنىڭ بىر پارچىسىنىمۇ كۆتۈرەلمەيدىغان ئېغىر ئامانەتلەرنى كۆتۈرسىمۇ سۇنمايدىغان تەقۋالىقتۇر.

ئەزەلىرىمىز دەۋەتنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، ئۇلارغا تاپشۇرىدىغان ئىككىنچى ۋەزىپە بولسا ئاللاھ ئۇلارنىڭ قەلبىنى ئۇنىڭغا ئاچقان ۋە ئۇنىڭ نۇرىغا يېتەكلىگەن ھەقنى ئۆزلىرىنىڭ ئەتراپىدىكى، ئۆزلىرىگە ئۇرۇق-تۇغقاندارچىلىق، دوستلۇق، قوشنىدارچىلىق ۋە ئىلىم-سېتىم مۇناسىۋەتى قاتارلىقلار ئارقىلىق باغلىنىپ تۇرىدىغان كىشىلەرگە تونۇشتۇرۇش ۋە ئۇلارنى ئۇنىڭ بۈك-باراقسان سايىسىدا سايىداشقا چاقىرىشتۇر.

بۇ يەردە، ئۇلار يەنە بىر يۇرۇش سىناقلار ئىچىگە كىرىدۇ. دەۋەتچى بولسا دەۋەتنىڭ پايدىسى ئۈچۈن ئەڭ ئاۋۋال ئۆزىنى ئىسلاھ قىلىدىغان كىشىدۇر. دەۋەتچى دەۋەتنى باشلىغان ھامان، ئۇنىڭغا تەنقىد كۆزلىرى، رازۋېدكا ئاپپاراتلىرى ھەر قايسى تەرەپتىن توغرىلىنىدۇ. ئۇنىڭ ھاياتىدا ئۆز دەۋىتى ۋە ئەقىدىسىگە قارشى كېلىدىغان ئەڭ كىچىك

ئىش يۈز بېرىپ قالسىمۇ، بۇ پەيدائىي ھېساب ئالغۇچىلار دەۋەتچىگە قارشى داۋراڭ قوزغايدۇ ۋە ئۇ ئىشنى چوڭايتىدۇ. ھەتتا، ئۇنى ئۇ ئىشتىن قول ئۈزۈشكە مەجبۇرلايدۇ. دەۋەتچى ئۆز دەۋىتىگە راستچىللىق ۋە ئىخلاسمەنلىك بىلەن ئىشەنسە ھەرخىل كىشىلەر ئۇنىڭغا ئاتىدىغان تەنقىد ۋە قارشىلىق ئوقلىرىغا ھەرگىز ئېچى سىقىلمايدۇ.

دەۋەتچى ئۆزىدە سەۋەنلىك كۆرۈلگەن چاغدا ئۇ سەۋەنلىكنى ئۇلاردىن يوشۇرۇشقا ھەرگىز ئۇرۇنمايدۇ. لېكىن، ئۇلارنىڭ قارشىلىقىنى ۋە دۈشمەنلىك نىيىتىدە بولسىمۇ، ئۆزىنى ئىسلاھ قىلىپ قويۇش ئۈچۈن ھەقسىز، ئىختىيارىي كۆرسەتكەن خىزمەتلىرى ۋە تىرىشچانلىقلىرىدىن پايدىلىنىدۇ.

بىر دانە قاچا ھەر قانچە ئېغىر پاسكىنا بولسىمۇ، ئون قول ئۇنى نىجاسەتتىن تازىلاشقا تىرىشۋەرسە، ئاخىرى، چوقۇم پاكىزە، تازا بولىدىغانلىقى سىلەرگە مەخپىي ئەمەس.

دەۋەت ۋەزىپىسىنى ئۆتەش ئەزالىرىمىزنى كەلگۈسى دەۋەت باسقۇچلىرى جەريانىدىكى جىھادنىڭ ھەرخىل مەيدانلىرىدا، بىز ئۇلارغا ھەرخىل دەرىجىدە موھتاج بولىدىغان نۇرغۇن خىسلەتلەر ۋە سۈپەتلەر ئۈستىگە تەربىيىلەيدۇ، دەۋەتچى ئۆز ۋەزىپىسىنىڭ خاراكتېرى تۈپەيلى، ئەگەر ئۇنىڭغا ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن كەلگەن مۇستەھكەملەش بولمىسا ئۇنىڭ يۈرىكىنى ئېزىدىغان، دەۋەتنى داۋاملاشتۇرۇشتىن ئىرادىسىنى ياندۇرىدىغان قىيىن شارائىتلارنى باشتىن ئۆتكۈزىدۇ. بۇ يەردە، ئىنسانلارنىڭ ئۇنى مەسخىرە قىلىپ كۈلۈۋاتقانلىقىنى ۋە دەۋىتىنى كۆزگە ئىلمايۋاتقانلىقىنى كۆرىسىز. ئۇ يەردە، ئۇنى ئەيىبلەۋاتقانلىقىنى ۋە مەسخىرە قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرىسىز، بۇ يەردە، ئۇنىڭ ئابرۇيىنى تۆكۈش ۋە ئورنىنى چۈشۈرۈش ئۈچۈن ئۇنى زەھەرلىك ئوقلىرىنى ئاتىدىغان نىشان قىلىۋالغانلىقىنى كۆرىسىز. بۇ يەردە، ئۇنىڭغا تىل ھاقارەتلەرنى ياغدۇرۇۋاتقانلىقىنى كۆرىسىز، بۇ يەردە، ئۇنىڭغا توپا

چېچىۋاتقانلىقىنى ۋە تۈرلۈك تۆھمەتلەرنى چاپلاۋاتقانلىقىنى كۆرىسىز. بۇ يەردە، ئۇنى ھەق يولىدىن بۇرۇۋېتىش ۋە پىتنىگە چۈشۈرۈپ قويۇش ئۈچۈن ھىيلە-نەيرەڭلەرنى تۈزىدۇ ۋە سۇيقەستلەرنى پىلانلايدۇ. بۇ يەردە، ئۇنى ئۆيىدىن قوغلاپ چىقىرىدۇ. بۇ يەردە، ئۇلار ئۇنى ئاتا-ئانىسىدىن ئالىدىغان مىراس ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلىدۇ. بۇ يەردە، ئۇنىڭ يېقىن ئۇرۇق-تۇغقانلىرى ۋە ئەڭ يېقىن دوستلىرى ئۇنىڭدىن ئايرىلىدۇ. ھەتتاكى، كەڭرى زېمىن ئۇنىڭغا تار تۇيۇلىدۇ ۋە ئۇنى ئۆزىنىڭ يولىنىڭ راستلىقى توغرىسىدىكى گۇمان چىرمىۋالىدۇ. مۇشۇ قىيىن شارائىتلار، ئازابلىق ئەھۋاللار، ئارقىمۇ-ئارقا كەلگۈچى بالايى-ئاپەتلەر دەۋەتچىنى ئىرادىسىدىن ياندۇرالمىسا، ئۇنىڭ ئىرادە كۈچىنى بوشاشتۇرالمىسا، ئۇنى ھەق يولىدىن بۇرۇۋېتەلمىسە، باتىلغا باش ئەگدۈرەلمىسە، ئۇنىڭ پىكرى تەڭپۇڭلۇقىنى بۇزالمىسا ، ئۇ شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۆزىنىڭ شارائىتىنى ياخشىلاش ئۈچۈن داۋاملىق كۈچىنىڭ يېتىشىچە ھەرىكەت قىلىپ، ئۆزى تاللىغان يول ئۈستىدە تولۇق ھېكمەت بىلەن ئويلىنىش، راستچىللىق، ئىخلاسمەنلىك بىلەن ئىشەنچ ۋە بەسىيرەت بىلەن مۇستەھكەم تۇرسا، كېيىنكى دەۋەت باسقۇچلىرىدا بىز كەڭ دائىرىدە، قاتتىق موھتاج بولىدىغان گۈزەل سۈپەتلەر ۋە ماختالغۇچى خىسلەتلەر ئۇنىڭدا چوقۇم يېتىلىدۇ.

بۇ ھەقتە، ئەزالىرىمىزنى ۋە بىز بىلەن ھەرىكەت ئېلىپ بارغۇچىلارنى ئاللاھ سۇبھانە ۋەتائالا ئۆزىنىڭ ئۇلۇغ كىتابىدا چاقىرغان يولغا يېتەكلەشكە ئەڭ زور تىرىشچانلىق قىلدۇق ۋە زېھىن سەرپ قىلدۇق.

ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: «پەرۋەردىگارىڭنىڭ يولىغا (يەنى ئىسلام دىنىغا) ھېكمەتلىك ئۇسلۇبتا ياخشى ۋەز-نەسىھەت بىلەن دەۋەت قىلغىن، ئۇلار (يەنى مۇخالىپەتچىلىك قىلغۇچىلار) بىلەن چىرايلىق رەۋىشتە مۇنازىرىلەشكىن، پەرۋەردىگارىڭ ھەقىقەتەن ئۇنىڭ يولىدىن ئازغانلارنى ئوبدان بىلىدۇ، ھىدايەت تاپقۇچىلارنىمۇ ئوبدان بىلىدۇ».

سۈرە نەھل 125-ئايەت.

يەنى ئۇلار كىشىلەرگە ھەممىدىن بۇرۇن، دىنىنىڭ ئاساسى پرىنسىپلىرىنى بايان قىلىشى، ئاندىن، ئۇلارنى دىنىنىڭ تەلەپ-تەقەززالىرى ۋە بەلگىلىمىلىرىگە ئاستا-ئاستا چاقىرىشى، ھېچكىمگە ھەزىم قىلىش ئىقتىدارىدىن ئارتۇق كېلىدىغان غىزا بەرمەسلىكى، دىنىنىڭ شاخچە مەسىلىلىرىنى ئاساسىي مەسىلىلەرنىڭ، پارچە ھۆكۈملەرنى ئومۇمى ۋە باش قائىدىلەرنىڭ ئالدىغا چىقىرىۋالماسلىقى، روھقا مەھكەم ئورۇنلاشقان ئاساسى بۇزۇقچىلىقلارنى تۈزەشتىن ئىلگىرى، يۈزەكى بۇزۇقچىلىقلارنى تۈزەشكە ۋە سىرتتىكى شاخچىلارنى كېسىپ تاشلاشقا ۋاقىتلىرىنى زايا قىلماسلىقى لازىمدۇر.

غەپلەتكە، ئېتىقادى ۋە ئەمەلىي ئازغۇنلۇققا چۈشۈپ قالغۇچىلارنى يامان كۆرۈش، تۆۋەن كۆرۈش، خار كۆرۈش نەزىرىدە مۇئامىلە قىلماسلىقى، ئوي-خىيالىنى ئۇلارنى تۈزەش، ئۇلارغا ياردەم بېرىش، خۇددى دوختۇر ئۆزىنىڭ ئالدىغا كەلگەن بىمارغا مۇئامىلە قىلغىنىدەك، سەمىمىي بولۇشقا قارىتىشى ۋە نەسىھەت قىلىشى لازىم.

دەۋەتچىلەر ئۆزلىرىنى مەسخىرە قىلىدىغان، ئابرۇيىغا چېقىلىدىغان، چۈشەنچىسىنىڭ كەملىكىدىن، ئۇلارنىڭ دەۋىتىنى مەنسىتمەيدىغان كىشىلەرگە دۇئا قىلىپ قويۇشقا ۋە ئۇلارغا نەسىھەت قىلىشقا ئۆزلىرىنى كۆندۈرۈشى لازىم. دەۋەتچىلەر ئۆزلىرىنى كىشىلەر تەرىپىدىن يەتكەن ئەرزىيەت، مەسخىرە ۋە زۇلۇمغا سەۋر قىلىش ئارقىلىق قوغدىشى، نادانلار بىلەن تەڭ بولۇشتىن، ئۇلار بىلەن بولغان پىسخىكىلىق مۇنازىرىگە ۋە جېدەل-ماجىرالارغا كىرىپ قېلىشتىن يىراق تۇرۇشى، ئۇششاق-چۈششەك ئىشلاردىن كۆچىنىڭ يېتىشىچە ئۆزىنى تارتىشى، ئۆزىنى ھەقتىن بىھاجەت سانىغۇچىلارغا دەۋەت قىلىش، ئۇلارنى ئىسلاھ قىلىش ئۈچۈن ۋاقتىنى زايا قىلىشنىڭ ئورنىغا دەۋەتنى، گەرچە ماددىي تەرەپتىن ئەڭ پېقىر ۋە ئەڭ ئاجىز بولسىمۇ، ھىدايەتنى

تەلەپ قىلىدىغان، ھەقنى قوبۇل قىلىشقا، ھەقكە ئەگىشىشكە مايىللىقنى ھېس قىلىدىغان شەخسلەرگە يۈزلەندۈرۈشى كېرەك. دەۋەتچىلەر ئۆز ئەمەللىرىنىڭ ئىنسانلار تەرىپىدىن ماختىلىشىنى، مەدھىيىلىنىشىنى ئۈمىد قىلماسلىقى لازىم. ئەمەللىرى بىلەن كىشىلەرنىڭ نەزىرىنى ئۆزلىرىگە تارتىش نىيىتىدە بولماي، پەخىرلىنىش ۋە مەغرۇرلىنىش بىلەن كىشىلەرگە ئۆزلىرىنى كۆرسىتىشنى، كىشىلەرنىڭ ئىنكاسىنى قوزغاشنى ئويلىماي، بەلكى، نىيەتلىرىنى ئاللاھ ئۈچۈنلا قىلىشى كېرەك. ئۇلار ھەر قانداق ئىشنى پەقەت ئۇلۇغ ئاللاھنىڭ رازىلىقى ئۈچۈنلا ئاللاھ ئۇلارنىڭ ئىشلىرىنى بىلىپ تۇرىدىغانلىقىغا، ئاللاھ ئۇلارغا بۇ ئەمەللەرنى ئاسانلاشتۇرۇپ بېرىدىغانلىقىغا، دۇنيا ئەھلى ئۇ ئەمەلنى بىلسۇن-بىلمىسۇن ياكى ئۇلارنىڭ تەقدىرلىشىگە ياكى جازاسىغا ئېرىشسۇن، ئاللاھ ئەمەلگە يارىشا مۇكاپاتلايدىغانلىقىغا جەزمى ئىشىنىش ئاساسىدا قىلىدۇ.

ئىنسان بۇ يولدا مېڭىش ئۈچۈن موھتاج بولىدىغان ئەڭ چوڭ ئامىل، قىيىنچىلىقلارغا سەۋر قىلىش، مۇسىبەتلەردە مۇستەھكەم تۇرۇش بىلەن بىرگە، داۋاملىق تىرىشچانلىق قىلىش ئىكەنلىكى گۇمانغا ئورۇن يوق ئىشلارنىڭ بىرىدۇر. چۈنكى، ئىنسان ئۇزاق مۇددەت تىرىشچانلىق قىلىش ئارقىلىقلا گۈزەل، خۇشاللىنارلىق نەتىجىلەرنىڭ ياپ-يېشىل زىرائەتلىرىنى كۆرىدۇ. شۇنىڭدەك، ئۆتكۈنچى، يۈزەكى ئىشلارنى قىلسا كۆز ئالدىدىكى زىرائەتنىڭ ئۈنى جەلپ قىلىدىغان ۋە بىردەمدىن كېيىن ئۈنىڭ قەلبىنى ئازابلايدىغان مەنزىرىسىنى كۆرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن دەۋەتچىدە بىر تەرەپتىن دەۋەتنىڭ ئۈنىڭغا سەۋر، كەسكىنلىك، پۇختىلىق ۋە بەسىرەتتىن باشقا نەرسە ئۇزۇق بولمايدىغان باسقۇچلىرىدا ئەڭ قاتتىق ئېھتىياجلىق بولىدىغان ئىمانى كۈچلۈك بولۇش، ئۆتكۈر بەسىرەت، چىدامچانلىق، ئېغىر بېسىقلىق، مەردانىلىك، يۈكسەك ئەخلاق ۋە ناچار ئىشلاردىن قول يىغىش قاتارلىقلار يېتىلىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن

دەۋەت گەرچە بۇ يول بىلەن تېز قەدەمدە ئىلگىرىلىمىسىمۇ، لېكىن، دەۋەتنىڭ ئۆز يولىدىكى ھەر بىر قەدىمى ئىنتايىن پۇختا ۋە مۇستەھكەم بولىدۇ.

مۇشۇنداق يول بىلەنلا، ئىنسانىي مۇھىتتىن ئىنسانلارنىڭ ئەڭ جەۋھىرىنى چىقىرىپ، ئۇلاردىن دەۋەتنى ياخشىلاش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇشتا پايدىلىنىش مۇمكىن بولىدۇ .

مۇشۇ يول بىلەنلا، دەۋەت ئەتراپىغا چىدامچانلىق، ئېغىر بېسىقلىق، بەسىرەت ۋە پۇختىلىق يوق يارىماس، ناچار ئىنسانلارنى جۇغلىماستىن، جەمئىيەتتىكى پاك كىشىلەرنىڭ ئەڭ ياخشىلىرىنى تارتىپ كېلىش مۇمكىن بولىدۇ. ھېلىقىدەك ناچار كىشىلەر بولسا دەۋەتكە مەنپەئەت يەتكۈزمەيدۇ. بەلكى، بەزىدە زىيان يەتكۈزىدۇ ۋە دەۋەتكە مۇسىبەتلەرنى سۆرەپ كېلىدۇ. مۇشۇنداق يول بىلەنلا ،دەۋەتكە قەلبىگە دەۋەت سىڭگەن، ھەر بىرسى ھەرخىل ئاربلاشما ۋە يارىماس ئىنسانلاردىن توپلانغان بىر قانچە مىڭ ئىنسانىنىڭ كۈچىنى بېسىپ كېتىدىغان، ئىخلاسمەن، ھەرىكەتچان كىشىلەرنىڭ تەييارلىنىشى مۇمكىن بولىدۇ، بىزنىڭ ھەرىكەت پروگراممىمىزنىڭ يەنە بىر مۇھىم بىر قىسمى بار. ئۇ بولسىمۇ بىز ئۆزلىكىمىزدىن باتىل تۇزۇمنىڭ بىزنى ھىمايە قىلىشىدىن ۋە ئۇ باتىل تۇزۇمنىڭ قانۇنلۇق ھۆكۈمەت خاراكتېرلىك قوغدىشىدىن ئۆزىمىزنى مەھرۇم قىلدۇق. چۈنكى، بىز جېنىمىزنى، مېلىمىزنى ۋە يۈز-ئابرۇيىمىزنى قوغداشتا بۇ ناھەق تۇزۇمدىن ياردەم تەلەپ قىلىشقا رازى بولمايدىغانلىقىمىزنى جاكارلىدۇق. لېكىن، جامائىتىمىزنىڭ ھەممە ئەزاسىنى بىردەك شۇنداق قىلىشقا مەجبۇرلىمىدۇق.

بىز پەقەت ھەقنىڭ ئۆلچىمىنى ئۇلارنىڭ ئالدىغا قويۇپ، بۇ ئۆلچەمنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىرىگە ئۆرلەشنى ياكى بۇ تۇزۇمنىڭ كاچاتلىرى ئالدىدا مەغلۇپ بولغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىپ پەسكە ئۆزىنى تاشلاشنى تاللاش ھوقۇقىنى ئۇلارغا بەردۇق. شۇنىڭ

بىلەن بىرگە ئەڭ تۆۋەنگە چۈشۈپ كېتىشكە چېگرا بەلگىلىدۇق، ئۇنىڭدىنمۇ تۆۋەنگە چۈشۈپ كەتكەن كىشىنى جامائىتىمىزنىڭ ئەزالىقىغا قوبۇل قىلمايمىز . يەنە باشقىلار ئۈستىدىن يالغان دەۋا قىلىدىغان ياكى سوت مەھكىمىسىدە ساختا گۇۋاھلىق بېرىدىغان ياكى ئۆزرە يوق جېدەللەرنى قىلىدىغان، ئۇنىڭ جېدەل قىلىشى پايدا-مەنپەئەتكە ئېرىشىش ۋە شەخسىيەتچىلىكنى تەسكىن تاپقۇزۇش ياكى دوستلۇق، ئۇرۇق-تۇغقانلىق، گۇرۇھۋازلىق قىلىش ئۈچۈن بولغان شەخسلەر جامائىتىمىزگە قوبۇل قىلىنمايدۇ. ئىشلارنىڭ سىرتقى كۆرۈنىشىگە قارايدىغان، نەزىرى ئىشلارنىڭ سىرتقى قىسمىدا توختاپ قالىدىغان كىشلەر، باتىل تۈزۈمنىڭ قانۇن مەھكىمىلىرىدىن ياردەم تەلەپ قىلىش ئىشىدا بىزگە بەلگىلەنگەن بۇ يولنى بىزنىڭ خاتالىقىمىز دەپ قارايدۇ ۋە بەزىدە، بۇ يول ھەققىدە بىر قانچە تۈرلۈك ئېتىرازلارنى بىلدۈرىدۇ. لېكىن، ھەقىقەت شۇكى بۇ يولنىڭ ھېسابسىز پايدىلىرى بار.

بۇ يولنىڭ بىرىنچى پايدىسى: بىز بۇ يول بىلەن ئۆزىمىزنىڭ پرىنسىپلار ئۈستىگە قۇرۇلغان ۋە پەقەت بۇ پرىنسىپلار بىلەن ياشاشنى كۆزلەيدىغان جامائەت ئىكەنلىكىمىزنى ئىسپاتلايمىز. ئىنسانىيەت ھاياتى ئۈچۈن قانۇن چىقىرىپ بېرىشكە پەقەت ئاللاھلا لايىق بولىدۇ دېگەن ئىكەنمىز. ھۆكۈمرانلىق ئاللاھنىڭلا ھوقۇقى، ئۇنىڭدىن باشقا ھەرقانداق كىشى ( كىم بولۇشتىن قەتئىينەزەر ) ئاللاھنىڭ زېمىنىدا، ئاللاھقا ئىتائەت قىلماستىن، ئاللاھنىڭ قانۇنىغا بويسۇنماستىن ۋە ئاللاھنىڭ چېگرالىرىدا توختىماستىن، ئۆزىنىڭ ھۆكۈمىنى ئىجرا قىلىشى دۇرۇس بولمايدۇ دەپ دەۋا قىلغان ئىكەنمىز، ئىنسانلار ئارىسىدا ئاللاھ نازىل قۇرئان كەرىمگە تايانماستىن ھۆكۈم قىلىدىغان ھەرقانداق قانۇن كۇفرى، زالىم، پاسىق قانۇن دەپ ئېتىقاد قىلغان ئىكەنمىز. ئاشۇنىڭ ھەممىسى ھوقۇقىمىزنىڭ ئاساسىنى، شەرىئەت قانۇنىنىڭ غەيرىيدىكى قانۇن ئاساسىغا قويماسلىقىمىزنى، ھەقىقەتنى بەلگىلەش ۋە ھەقنى

ناھەقتىن ئايرىش مەسىلىسىنى، بىز ئۇنىڭ ئاساسى باتىل دەپ ئېتىقاد قىلىۋاتقان ھۆكۈمرانىنىڭ ھۆكۈم چىقىرىشىغا تاشلاپ قويماسلىقىمىزنى تەقەززا قىلىدۇ، بىز ئەڭ قىيىن شارائىتتىمۇ، ئەڭ چوڭ خەتەر ۋە زىيانلار ئالدىدىمۇ ئەقىدىمىزنىڭ بۇ تەقەززاسىنى ئەمەلگە ئاشۇرغان چېغىمىزدا، ئىخلاسىمىزنىڭ ۋە ئىرادىمىزنىڭ قانچىلىك كۈچلۈك، ئەخلاقىمىزنىڭ قانچىلىك مۇستەھكەم ۋە ئەمىلىمىز ئەقىدىمىزگە قانچىلىك مۇۋاپىق ئىكەنلىكىگە كەسكىن دەلىل بار. ئەمما، ئۆتكۈنچى مەنپەئەتكە بولغان ئۈمىد ۋە مال-جانغا يېتىشىدىن ئەنسىرەۋاتقان زىيانلاردىن قورقۇش بىزنى ئەقىدىمىزگە خىلاپ كېلىدىغان ئەمەلنى قىلىشقا سۆرەپ بارسا ئىرادىمىزنىڭ ئاجىز، ھالىمىزنىڭ بوشلىقىغا ئەڭ روشەن ۋە ئەڭ ئاشكارا دەلىل بولىدۇ.

ئىككىنچى پايدىسى: ئۇ ئەزالىرىمىزنىڭ ئەقىدىسىنىڭ مۇستەھكەملىكىنى بىلىشىمىز ئۈچۈن، ئىشىنىش ۋە تايىنىشقا لايىق ياكى ئەمەسلىكىنى بىلىشىمىز ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ قايسىسى ئىمان-ئەقىدىدە مۇستەھكەم ئىكەنلىكىنى شۇ ئارقىلىق بىلىدىغان سىناق بولىدۇ. بىز ئۇلارنىڭ ھەرقانداق مۇشەققەت، سىناق، بالايى-ئاپەتلەرگە سەۋرچان، سۇباتلىق بولۇشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

ئۈچىنچى پايدىسى: ئەزالىرىمىز ئۆز ھاياتىدا بۇ يولغا بويسۇنغان چاغدا، ئۆزلىرىنىڭ رىئاللىقىنىڭ سەۋەبىدىن جەمئىيەت بىلەن بولغان ئالاقىدە قانۇن ئاساسىغا تايانماي، بەلكى، ياخشى ئەخلاق ۋە پاك ھالەتكە تايىنىشقا مەجبۇر بولىدۇ، بۇ ئۇلارنى راستچىللىقنى، ئەخلاق سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشكە، دىندارلىقنى، ئىتائەتمەنلىكنى، راستچىللىقنى، ياخشىلىقنى، تەقۋادارلىقنى، ئادەمگەرچىلىكنى، ئالىيجانابلىقنى ھاياتىنىكى ھەربىر ئىشتە يولباشچىسى قىلىشقا مەجبۇرلايدۇ. ھەتتا كىشىلەرگە دەۋەتچىلەرنىڭ ھوقۇقىنى، ماللىرىنى، جانلىرىنى ۋە يۈز-ئابرۇيلىرىنى قوغدىماسلىققا ئىمكانىيەت قالمايدۇ-دە دەۋەتچىلەر قانۇن ۋە سوت مەھكىمىسىنىڭ

ھىمايىسىدىن ئۆزلىرىنى مەھرۇم قىلغان چاغدا ئۇلارغا جەمئىيەت تەرىپىدىن كەلگەن مۇشۇ ھىمايىدىن باشقا ھىمايە مەۋجۇت بولمايدۇ. ئۇلار شۇنداقتىمۇ جەمئىيەتنىڭ مەنىۋى ھىمايىسىدىن بەھرىلىنەلمەيدىغان بولىدۇ. ئۇلار ئورماندىكى بۆرىلەر توپى ئىچىدە جان تالىشىۋاتقان قويلارغا ئوخشايدۇ.

تۆتىنچى پايدىسى: (بۇنىڭ يۇقىرىدا سۆزلىگەن پايدىلاردىن ئەھمىيىتى ئاز بولمايدۇ). بىز جىنىمىزنى، مىلىمىزنى، مەنپەئەتىمىزنى، ئومۇمى ھوقۇقىمىزنى خەتەرگە تىوغرىلاش ئارقىلىق جەمئىيىتىمىز ئەخلاقىنىڭ ھەقىقىي ھالىتىنىڭ نىقابىنى، جەمئىيەتنىڭ ئەخلاقنى قانچىلىك تۇتىدىغانلىقىنىڭ نىقابىنى ۋە چۈمبىلىنى يىرتىپ تاشلايمىز. ئىنسانلار بۇ تۇزۇمنىڭ ساقچىلىرىدىن ياردەم سورىمايدىغانلىقىمىزنى ۋە سوت مەھكىمىسىگە بارمايدىغانلىقىمىزنى بىلىپ، بىزنىڭ ھوقۇقىمىزغا تاجاۋۇز قىلسا ئەنە شۇنىڭدا جەمئىيىتىمىزنىڭ ئەخلاق سەۋىيىسىنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكىگە ئەڭ ئوچۇق دەلىل بولىدۇ. يەنە شۇنداقلا ئاشۇ ئارقىلىق جەمئىيىتىمىزدىكى كىشىلەرنىڭ قانۇن ئۇلارنى مەجبۇرلىغاچقىلا شەرەپكە، مەردلىككە ۋە ئامانەتكە بويسۇنىدىغانلىقىنى، ئەگەر قانۇننىڭ جازالىشىدىن قورقمىسا، ھەر قانداق خىيانەت، ئالدامچىلىق، ساختىپەزلىكتىن يىراق بولمايدىغانلىقىنى، ئۇلار دىنىي كىيىملەرنى كىيىدىغانلىقىنى، تاتلىق سۆز ۋە ئەخلاق بىلەن پەردىلىنىدىغانلىقىنى، ۋەھالەنكى، ئۇلارغا پۇرسەت يار بەرسە، مۇھىت خالى قالسا، قانۇن تەرىپىدىن ئۆزلىرىنى كۆزىتىپ تۇرىدىغان كۆزەتچىنى تاپمىسا، ئەلۋەتتە ئەڭ ئىغىر ئەخلاقى چۈشكۈنلۈك، دىنسىزلىق ۋە ۋەھشىيلىكنى ئاشكارىلايدىغانلىقىنى بىلەلەيمىز.

بۇ ئەخلاقىي بوشلۇق بىزنىڭ ئىجتىمائىي ھاياتىمىزدا يوشۇرۇنۇپ تۇرىۋاتىدۇ. ئۇ بىزنىڭ مىللىي يولىمىزنىڭ ئۇلىغا سىڭىپ كىرىشكە ئازلا قىلىۋاتىدۇ. يۇرتىمىزنىڭ

ئىجتىمائىي ۋىجدانى سەگەك بولۇشى ئۈچۈن، يۇرتىمىز ئۆزى ئۇنىڭدىن غەپلەتتە قېلىۋاتقان، ئۇنى كىچىك ئىش دەپ قاراۋاتقان جاھىل خاراكتېرلىك كېسەل سىڭىپ كىرىپ، پۈتۈن كۈچى بىلەن كۈچىيىۋاتقانلىقىنى جەزم ۋە قانائەت بىلەن تونۇشى ئۈچۈن ئەخلاقىي بۇزۇقچىلىقنىڭ يۈزنىڭ ھەقىقىي كۆرۈنۈشلىرىنى گۇۋاھچىلار ئالدىدا ئاشكارىلىماقچىمىز.

# 3-بۆلۈم ئىسلامىي ھەرىكەت ئىچىدە ھەرىكەت قىلىۋاتقانلارغا زۆرۈر سۈپەتلەر

دەۋەت بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار ئۆزلەشتۈرۈشى كېرەك بولغان زۆرۈر سۈپەتلەر ئەڭ ئاز دېگەندىمۇ ئۈچ تۈرلۈك بولىدۇ.

1) ئۇلارنىڭ ھەر بىرىدە شەخسى ھالدا تېپىلىش زۆرۈر بولغان سۈپەتلەر

2) جامائەت ھاياتىنى قۇرۇپ چىقىش ۋە ئۇنى قوغداش ئۈچۈن زۆرۈر بولغان سۈپەتلەر.

3) ئاللاھ يولىدا كۈرەش قىلىش ئۈچۈن ھازىرلاشقا تېگىشلىك سۈپەتلەر

## 1- شەخسىي سۈپەتلەر

شەخسى سۈپەتلەر ئىچىدىكى ئاساسى سۈپەت: ئىچىمىزدىكى شەخسلەرنىڭ ھەر بىرى ئۆزىنى ئاللاھقا ۋە ئاللاھنىڭ ئەلچىسىگە ئىتائەت قىلغۇچى، ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ ئەلچىسى تەرىپىدىن تاپشۇرۇلغان بۇيرۇق-چەكلىمىلەرنىڭ ھەممىسىگە بويسۇنغۇچى قىلىش ئۈچۈن ئۆزىگە يۈزلىنىپ، ئۆزى بىلەن كۈرەش قىلىشتۇر. بۇ توغرىسىدا رەسۇلۇللاھ مۇنداق دېگەن: «مۇجاھىد دېگەن ئاللاھقا ئىتائەت قىلىشتا نەپسى بىلەن جىھاد قىلغان كىشىدۇر». يەنى ئاللاھ سىرتقى دۇنيادىكى دۈشمەنلىرىگە قارشى چىقىش ۋە ئۇرۇش قىلىشتىن ئىلگىرى، ئىچىڭلاردا يوشۇرۇنۇپ تۇرغان، سىلەردىن ئاللاھقا ۋە ئاللاھنىڭ ئەلچىسىگە ئاسىيلىق قىلىشنى ۋە قارشى چىقىشنى تەلەپ قىلىدىغان شەيتانغا زەربە بېرىشكە داۋاملىق بارلىق كۈچۈڭلارنى چىقىرىشىڭلار لازىم.

شەيتان ئىچىڭلاردا داۋاملىق چوڭقىيىپ، ئاللاھنىڭ رازىلىقىغا قارشى تەلەپلەرگە سىلەرنى يېتەكلەپ ماڭسا، سىرتتىكى ئاللاھنىڭ دۈشمەنلىرىگە جەڭ ئېلان قىلىش

بىھۇدە ئىشتۇر. ئۆيۈڭلاردا ھاراق تۇرۇپ، ھاراقنى چەكلەش ئۈچۈن سىرتتىكى ئىنسانلار بىلەن ئۇرۇش قىلغىنىڭلارغا ئوخشاش ئىشتۇر.

سۆزلىرىمىزدە ۋە ئەمەللىرىمىزدە بۇنداق قارمۇ-قارشىلىق ساقلانسا، ۋۇجۇدىمىزنى ۋەيران قىلىدىغانلىقى، ھەرىكىتىمىزنى بوغۇپ قويىدىغانلىقى ۋە ئىجتىمائىي ھاياتىمىزنى ھالاك قىلىدىغانلىقى ھەقىقەتتۇر.

سىلەر ئالدى بىلەن ئاللاھقا بويسۇنۇشىڭلار ۋە ئاللاھنىڭ قانۇنى ئالدىدا ھەر قانداق ئەركىنلىكىڭلاردىن ۋاز كېچىشىڭلار، ئاندىن، باشقىلارنى ئاللاھقا ئىتائەت قىلىشقا چاقىرىشىڭلار لازىم.

جىھاد باسقۇچىدىن كېيىن ھىجرەت باسقۇچى كېلىدۇ. ھىجرەتنىڭ ھەقىقىي مەنىسى ئۆز دىيارىڭلاردىن ئايرىلىش ئەمەس، ئاللاھقا ئاسىيلىق قىلىشتىن يېنىپ، ئاللاھقا ئىتائەت قىلىشقا ۋە ئاللاھنى رازى قىلىشقا يۈزلىنىشتۇر.

ئۇستاز بۇ يەردە ئاللاھ ئۈچۈن قىلىنغان ھەممە ئىشنىڭ جىھاد ھېسابلىنىدىغانلىقىنى كۆزدە تۇتقان.چۈنكى ھەر بىر مۇسۇلمان ئۆز يۇرتىدىن ھىجرەت قىلىشدىن بۇرۇن، نۇرغۇن جاپالارنى تارتقان، ئەڭ مۇھىمى ئۆزىنىڭ ھاۋايى-ھەۋەسلىرى بىلەن كۆرەش قىلغان بولىدۇ. بۇمۇ ئەلۋەتتە جىھاد بولىدۇ. ئۇستازنىڭ بۇ سۆزى كۆپچىلىككە تونۇش. ئاۋۋال ھىجرەت ئاندىن، جىھاد دېگەن پرىنسىپقا قارشى كەلمەيدۇ.

رەسۇلۇللاھنىڭ ھۆكۈملىرىگە مۇۋاپىق ھالدا ئۆتكۈزۈشكە ئورۇن تاپالمىغاچقا، ئۆيىدىن چىقسا ھەقىقىي مۇھاجىر بولىدۇ. ئۆز ئۆيىدىن چىققان بولسىمۇ شۇنداق. ئاللاھنىڭ ئىتائىتىگە كىرمىگەن ۋە گۇناھ مەئسىيەتتىن قول ئۈزمىگەن كىشى جەزمەن ھاماقەتلىك قىلغان بولىدۇ. ئۇ ھىجرىتىدە جاپا-مۇشەققەت تارتىپ ھېچنەرسىگە ئېرىشەلمەيدۇ. بۇ بولسا رەسۇلۇللاھ بىر قانچە ھەدىستە بايان قىلغان ئىشتۇر.«ئى رەسۇلۇللاھ ھىجرەتنىڭ قايسىسى ئەڭ ئەۋزەل دەپ سورىدى؟ رەسۇلۇللاھ

:«رەببىڭ ئۆچ كۆرگەن نەرسىدىن قول ئۈزۈشۈڭ!»دېدى. شۇنىڭدىن ئايان بولىدۇكى، ھەر قانداق بىر ئادەم داۋاملىق ئاللاھقا ئاسىيلىق قىلسا، ئۇنىڭ ئۆز ۋەتىنىدىن ئايرىلىشىنىڭ ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ھېچقانداق قىممىتى ۋە ئورنى يوق. شۇڭا مەن سىرتقى دۈشمەنگە ئۇرۇش ئېچىشتىن ئاۋۋال، روھىڭلاردىكى شەيتانى كۈچلەرگە جەڭ ئېلان قىلىشىڭلارنى، كۇفرىغا ئادەتلىنىپ كەتكەن كۇففارلارنى ئىسلامغا كىرگۈزۈش ئۈچۈن تىرىشچانلىق قىلىشتىن ئاۋۋال، ئۆزۈڭلارنى خالىغان ۋە خالىمىغاندا ئاللاھقا ئىتائەت قىلىشقا كۆندۈرۈشۈڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن ياكى ( تېخىمۇ ئېنىق سۆز بىلەن دېگەن چېغىمىزدا) يەرگە قېقىلغان قوزۇققا باغلانغان ئاتقا ئوخشاش بولىشىڭلارنى كۈتىمەن، ئۇ ئات ھەر قانچە ئايلانسىمۇ مەڭگۇ ئاشۇ قوزۇقنىڭ ئەتراپىدىن چىقىپ كەتمەيدۇ. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «مۇئمىن ۋە ئىمانىنىڭ مىسالى قوزۇقتىكى ئاتنىڭ مىسالىدۇر.ئۇ ئات ئايلىنىپ، كېيىن يەنە قوزۇققا قايتىدۇ»، بۇ ئات ھەر قانداق جايدا چۆرگىلەيدىغان، ھەر قانداق ئېتىزغا كىرىدىغان، يېشىل ئۆسۈملۈكنى كۆرگەندە ھەر قانداق ئورۇنغا ئاچ كۆزلۈك بىلەن ھۇجۇم قىلىدىغان، باغلاقسىز، بوش ئاتقا ھەرگىز ئوخشىمايدۇ. دېمەك، باغلاقسىز، بوش ئاتنىڭ سۈپەتلىرىنى تاشلاپ، ئۆزۈڭلارنى ئارغامچىدا باغلانغان ئاتنىڭ سۈپەتلىرىگە كۆندۈرۈڭلار. ھاياتىڭلارنى ئىنتىزامغا چۈشۈرۈشكە ۋە ئۆزۈڭلارنى بۇ يول بويىچە چەكلەشكە تىرىشىشىڭلار بىلەن بىرگە بېسىشقا تېگىشلىك ئىككىنچى قەدەم بولسا ئۆزۈڭلارنى قورشاپ تۇرىدىغان مۇھىتقا ئەمەلىي ئۇرۇش باشلاشتۇر، ئۇنى مەن ئائىلە ئالدىنقى سېپى دەپ ئاتايمەن. ئەھلىڭلار، ئۇرۇق-تۇغقانلىرىڭلار، دوستلىرىڭلارغا ۋە سىلەر ئۇنىڭ بىلەن ئالاقە قىلىدىغان شارائىتىڭلارغا قارشى جەڭگە كىرىشىڭلار كېرەك. جەڭگە كىرىشنىڭ مەنىسى ـ ئۇلار بىلەن قارشىلىشىڭلار، تىللىشىڭلار، ئۆز-ئارا پايلاپ تۇرۇڭلار دېگەنلىك ئەمەس بەلكى، يالغۇز ھالىتىڭلاردا ۋە جامائەت ھاياتىڭلاردا پرىنسىپىڭلارنى،

ئىنتىزامىڭلارنى ۋە غايەڭلەرنى قاتتىق ياخشى كۆرۈشۈڭلار كېرەك. پرىنسىپىڭلارغا ۋە غايەڭلارغا شۇ قەدەر بويسۇنۇڭلاركى، پرىنسىپقا باغلانغان هاياتىڭلارغا دۇنيا هاياتىنى هايۋانلاردەك غايىسىز ئۆتكۈزىدىغان كىشى سەۋر قىلىپ تۇرالمىسۇن دېگەنلىكتۇر. ئاياللىرىڭلار، باللىرىڭلار، ئاتا-ئاناڭلار، تۇغقانلىرىڭلار، دوستلىرىڭلار يولۇڭلارغا نارازىلىق بىلدۈرىدۇ. ھەتتاكى، يېقىن-تۇغقانلار ئارىسىدا ۋە دىيارىڭلاردا يات ئادەمگە ئوخشاش بولۇپ قالىسىلەر. تۇرمۇشىڭلارنى قامداش ئۈچۈن تىرىشچانلىق قىلغان ۋاقىتتا ئىنسانلار نەزىرىدە مەينەت نەرسىگە ياكى ئۆلارنىڭ گېلىدىكى هەزىم قىلالماي قىينىلىۋاتقان نەرسىگە ئايلىنىپ قالىسىلەر. كىشىلەر چازا قۇرۇپ ئولتۇرۇپ چۈش كۆرىدىغان يۇقىرى ئورۇنلار، مەنسەپلەر ۋە يۈز-ئابرۇي سىلەرگە نىسبەتەن چوغ تولدۇرۇلغان ئوچاققا ئوخشاپ قالىدۇ. هەر بىرىڭلار هەر كىمگە سىلەر بىلەن قانچىلىك يېقىنلىقىغا قاراپ ئۇرۇش ئېچىشىڭلار كېرەك. ماڭا ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىپ تۇرۇپ دەپ بېرىڭلارچۇ! بىر ئادەمنىڭ ئۆز ئۆيىدە ئۇرۇش بولۇۋاتسا، ئۇنىڭ بىر قانچە مىل يېرىگە بولسىمۇ ئۇرۇشقا چىقىشى لايىق ئەمەسمۇ؟ جامائەت ئەزالىرى ۋە ئۇلارنىڭ يېقىن ئۇرۇق-تۇغقانلىرى ئارىسىدىكى جېدەل-ماجىرا خەۋەرلىرى ماڭا يېتىپ كېلىۋاتقان ئورۇنلارغا نىسبەتەن مەن ئىنتايىن خاتىرجەم ۋە ناھايىتى خۇشال، هازىرغىچە بۇنداق خەۋەر يېتىپ كېلىشكە باشلىمىغان ئورۇنلارغا نىسبەتەن قاتتىق ئەندىشە ۋە بىئاراملىق ئىچىدىمەن. بۇ كۆرەش ۋە جىھادتا دوختۇرنىڭ كېسەل داۋالايدىغان نەزەرىيىسى قانۇن قىلىنىشى كېرەك. ئەمەلىيەتتە، دوختۇر كېسەل ئادەمگە ئەمەس بەلكى، كېسەللىككە ئۇرۇش ئاچىدۇ. دېمەك، دوختۇر كېسەلگە ئاچچىق دورىلارنى ئىچكۈزسىمۇ ياكى كېسەلنىڭ بىرەر ئەزاسىنى ئوپېراتسىيە قىلسىمۇ دوختۇرنىڭ بارلىق تىرىشچانلىقى سەممىيلىك ۋە ياردەم بېرىش روھى بىلەن يۇغۇرۇلغان بولىدۇ. دوختۇر ئۆزىنىڭ كېسەلگە بولغان دۈشمەنلىكى ئۈستىدە ئەمەس، ئۆز ئىخلاسى ۋە

كېسەلگە بولغان سەممىيلىكى ئۈستىدە بولىدۇ. ئۇنىڭ بارلىق ئۆچمەنلىكى كېسەل ئادەمگە ئەمەس، كېسەللىككە قارىتىلغان بولىدۇ. غەپلەت ۋە ئازغۇنلۇقتا چۈشۈپ قالغۇچى قېرىنداشلىرىڭلارنى مانا مۇشۇنداق دەۋەت قىلىشىڭلار كېرەك. ئۇلار ھەرگىز سىلەرنىڭ ئۇلارغا نىسبەتەن تۇۋەن كۆرۈش ۋە كۆزگە ئىلماسلىق نەزىرىڭلار بىلەن قارىغاندەك ياكى ئاداۋەت ساقلاپ كەلگەندەك تۇيغۇدا بولۇپ قالمىسۇن، ئۆزلىرىگە ئۆز تەسىرىنى كۆرسىتىۋاتقان ياردەم بېرىش، ئىخلاسمەنلىك، مۇھەببەت ۋە ئىنسانىي قېرىنداشلىقنى ھېس قىلسۇن. دەۋەت ئېلىپ بېرىش (مەن سىلەرگە ئىلگىرىكى قۇرۇلتىيىمىزدا قىسقىچە قىلىپ سۆزلەپ ئۆتكىنىمدەك ) ئاغزاكى ياكى يېزىقچە مۇنازىرىلەر بىلەن بولمايدۇ. بۇ مۇنازىرىلەر دەۋەتنىڭ يۈزەكى يولىدۇر. بۇنىڭ پايدىسىدىن زىيىنى كۆپ. دەۋەتنىڭ ھەقىقى ئۈنۈملۈك يولى بولسا - دەۋەتنىڭ ئەمەلى كۆرۈنۈشلىرى ۋە جانلىق ئۈلگىلىرى بولۇشۇڭلاردۇر. ھەر قاچان ئىنسانلارنىڭ نەزىرى سىلەرگە چۈشكەندە ئۇلار سىلەرنىڭ ھالىتىڭلارنىڭ ئېسىللىقىدىن ۋە پاك ئەخلاقىڭلاردىن بۇلار ئاللاھ يولىدا ماڭغۇچىلار ئىكەن دەپ تونۇسۇن. بۇ توغرىلىق پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مۇئمىنلەرگە: «ئۇلار كۆرۈلگەن چاغدا ئاللاھ ئەسلىنىدۇ» دېگەن. مەن مۇشۇ سۆزلەردە، بۇ كەيپىياتنى ئۆزۈڭلاردا سۈنئىي يول ئارقىلىق بىر قېتىمدىلا پەيدا قىلىشقا چاقىرمايمەن. ئۇ كەيپىيات سىلەردە تەدرىجىي بارلىققا كېلىدۇ. ئۇنىڭ باسقۇچلىرىغا تەدرىجىي يېتەلەيسىلەر. سىلەرنى ئوراپ تۇرغان مۇھىتىڭلارغا ئۇرۇش ئاچقان ۋە غايەڭلەر يولىدا ئارقىمۇ-ئارقا قۇربانلىق بېرىۋەرگەن چېغىڭلاردا، سىلەردە پىداكارلىق ۋە ئۆزىنى بېغىشلاش كەيپىياتى ئاران تەستە مەيدانغا كېلىدۇ.شۇ چاغدا سىلەر دەۋىتىڭلارنىڭ ئەمەليي كۆرۈنىشلىرى ۋە جانلىق ئۈلگىلىرى بولالايسىلەر. سىلەر بۇ غەرەز ئۈچۈن قۇرئان ۋە سۈننەتنى تولۇق چوڭقۇرلاش ۋە تەپەككۇر بىلەن ئۆگىنىپ مۇنۇلارنى بىلىۋېلىشىڭلار كېرەك.

ھاياتتىكى ئىسلام تەلەپ قىلىدىغان ئۇسلۇب قايسى؟

ئاللاھ ياخشى كۆرىدىغان ۋە رەسۇلۇللاھ تەربىيىلەپ چىققان ئىنسانلار قايسى تۇردىكىلەر؟

ئىسلامنى ئىسلامىي ھەرىكەت ئىچىدە ھەرىكەت ئېلىپ بېرىۋاتقانلار بارلىققا كەلتۇرگەن. ئۇلار شۇنىڭدىن كېيىن، دەۋەت ۋە جىھاد بايرىقىنى كۆتۈرەلىگەن ئېسىل ئەخلاقلار ۋە سۈپەتلەر قايسى؟

ئىچىڭلاردىكى ھەر بىر ئىنسان دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ روھلاندۇرغۇچى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام تەربىيىلەپ چىققان جامائەت. 15 يىللىق ئۇزلۇكسىز تەربىيىلىنىش ۋە مەشىق باسقۇچىدىن كېيىنلا جەڭ مەيدانىغا ئېلىپ چىقىلغانلىقىنى ئەلۋەتتە بىلىدۇ. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ئۆزىنىڭ ئەگەشكۈچىلىرىگە قايسى سۈپەتلەرنى ئاۋۋال، قايسى سۈپەتلەرنى كېيىن يېتىلدۇرۇشكە ئەھمىيەت بەرگەنلىكىنى، بۇ سۈپەتلەر قايسى دەرىجىدە تەلەپ قىلىنغانلىقىنى، رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا قايسى چەككىچە ھەرىكەت قىلغانلىقىنى، ئۇ سۈپەتلەر بىلەن سۈپەتلەنگەنلەر ئۇچۇن: «ئى مۇھەممەد ئۇممىتى! سىلەر ئىنسانلار مەنپەئەتى ئۈچۈن ئوتتۇرىغا چىقىرىلغان ياخشىلىققا بۇيرۇپ يامانلىقتىن توسىدىغان، ئاللاھقا ئىمان ئېيتىدىغان ئەڭ ياخشى ئۇممەتسىلەر» (سۈرە ئال ئىمران 110-ئايەت) دېگەن سۆز قاچان ئېيتىلغانلىقىنى بىلىۋېلىشىڭلار ئۈچۈن بۇ تەييارلىقنىڭ تەپسىلاتلىرىنى تەتقىق قىلىشىڭلار ۋە تەييارلىقنىڭ تەدرىجىي باسقۇچلىرىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشىڭلار كېرەك. مانا بۇ ئۆزۈڭلارنى تەييارلاش ۋە نەپسىڭلارنى پاكلاش ئىشىدا كۆز تىكىشىڭلار زۆرۈر بولىدىغان ئۆلگىدۇر. ئەگەر ۋاقىت يار بەرگەن بولسا بۇ ئىش توغرىسىدا رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ بىرقانچە ھەدىسىنى سىلەرگە كەلتۈرۈپ بېرەتتىم. لېكىن، مەن ھەر ھالدا ھازىر سىلەرگە رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلىرىدىن ئىككى ھەدىسنى

سۆزلەپ بەرمەكچىمەن. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەنىدى: «كىم ئاللاھ ئۈچۈن ياخشى كۆرسە، ئاللاھ ئۈچۈن يامان كۆرسە، ئاللاھ ئۈچۈن بەرسە ھەم بەرمىسە.چوقۇم ئىمانى كامىل بولىدۇ». يەنى ئىنساننىڭ ياخشى كۆرۈشى ۋە ئۆچ كۆرۈشى، بېرىشى ۋە بەرمەسلىكى، ئاللاھ رازىلىقى ئۈچۈنلا بولغان چاغدا ۋە نەپسانىيەتچىلىك، دۇنياپەرەسلىك ۋە ئارزۇ ھەۋەسلىرى يوقالغان چاغدا ئىمانى كامىل ئىنسان بولىدۇ. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «رەببىم مېنى توققۇز ئىشقا بۇيرىدى، يەنى ئاشكارا-يوشۇرۇن ئىشلاردا ئاللاھتىن قورقۇشقا، غەزەپلەنگەن ۋە خۇشال بولغان چاغدىمۇ ئادىل سۆزلەشكە، باي-كەمبەغەللىكتە نورمال بولۇشقا، سىلە-رەھىمنى ئۈزگەن كىشىگە سىلە رەھىمنى ئۇلاشقا، ماڭا بەرمىگەن كىشىگە بېرىشكە، ماڭا زۇلۇم قىلغان كىشىنى ئەپۇ قىلىشقا، سۈكۈتتە تۇرۇشۇم ئويلىنىش بولۇشقا ، سۆزلىشىم ئاللاھنى زىكىر قىلىش بولۇشقا، نەزەر سېلىشىم ئىبرەت ئېلىش بولۇشقا بۇيرىدى». رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام بۇ زۆرۈر سۈپەتلەرنى سۆزلەپ بولغاندىن كېيىن «ياخشىلىققا بۇيرۇشۇمغا ۋە يامانلىقتىن توسۇشۇمغا بۇيرىدى»دەيدۇ. بىز بۇنىڭدىن ئەڭ ياخشى ئۈممەت ئىنسانلارنى ياخشىلىققا بۇيرۇش ۋە يامانلىقتىن توسۇش ۋەزىپىسى ئۈچۈن ئۆزىنى ئاتاشنى ئىرادە قىلغان چاغدا، ھەر بىر شەخس شەخسەن ئۆزى بۇ سۈپەتلەرنى ئۆزلەشتۈرۈش زۆرۈر ئىكەنلىكىنى بىلىۋالدۇق. ياخشىلىققا بۇيرۇش، يامانلىقتىن توسۇش پەرزىنى ئادا قىلىش ۋە بۇ مۇھىم مەرتىۋىنىڭ تەقەززاسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش مۇشۇ سۈپەتلەرنى ئۆزلەشتۈرگەندىلا مۇمكىن بولىدۇ.

## 2-جامائەت سۈپەتلىرى

بىز جامائەت ھاياتىمىزنى قۇرۇپ چىقىشىمىز ۋە ئۇنى قوغدىشىمىز ئۈچۈن، بايا سۆزلىگەن شەخسىي سۈپەتلەردىن باشقا بىر قانچە ئەخلاق ۋە سۈپەتلەرگە موھتاج بولىمىز. جامائەت تۈزۈمىنى مۇستەھكەملەش، تۈزۈمنى تېخىمۇ ئەتراپلىق ۋە پايدىلىق

قىلىش ئۈچۈن ئەزالىرىمىز ئارىسىدا ئۆز-ئارا ياخشى كۆرۈش، ئۆز-ئارا ئىشەنچ ۋە ئۆز-ئارا ھەمكارلىقنىڭ مەۋجۇت بولۇشىغا بىز ئىنتايىن ئېھتىياجلىق. ئەزالىرىمىز دەۋەت يولىدا ئۆزلىرى ئىلگىرىلىشى ۋە ئۆزلىرى بىلەن بىللە باشقىلارنى ئىلگىرىلىتىشى ئۈچۈن، ئۆز-ئارا نەسىھەت قىلىشقا ۋە ئۆز-ئارا ھەقنى، سەۋرنى تەۋسىيە قىلىشقا ئادەتلەنگەن بولۇشقا بىز ئىنتايىن ئېھتىياجلىق. زېمىندىكى ھەر قانداق جامائەت تۈزۈمى ئۈچۈن بۇ سۈپەتلەر كەم بولسا بولمايدۇ، ئەكسىچە بولغاندا ھەر بىر شەخس ھەر قانچە گۈزەل سۈپەتلەر ۋە ئېسىل ئەخلاقلارغا ئىگە بولسىمۇ، لېكىن، ئۇلار ئۆز-ئارا بىر-بىرى بىلەن باغلانماستىن، مەزكۇر جامائەت سۈپەتلىرىنى ئەخلاقىغا ئايلاندۇرماستىن، باتىل ئالدىدا تىك تۇرۇشقا ۋە باتىل ئەھلىگە تىغمۇ-تىغ ئۇرۇش ئېچىشقا مەڭگۇ قادىر بولالمايدۇ. ئىسلام ئۈممىتى ئىچىدە شەخسىي ھالدا ئەڭ يۈكسەك سۈپەتلەرنى ۋە گۈزەل ئەخلاقلارنى ئۆزلەشتۈرگەن شەخسلەر مەۋجۇت بولۇپ كەلدى ۋە كېلىۋاتىدۇ. ئەگەر بىز دۇنيادىكى ھەر قانداق مىللەتكە مۇشۇنداق زور كۆپ سانلىق ياخشى كىشىلەرنى كەلتۈرۈپ بېقىڭلار دەپ جەڭ ئېلان قىلساق ئۇلار بۇنىڭغا جاۋاب قايتۇرالماسلىقى مۇمكىن دېسەم ھەرگىز ئېشىپ كەتكەن بولمايمەن. بۇ مەسىلە پەقەت شەخسى ياخشى بولۇش بىلەنلا چەكلىنىپ قالدى.

مەن دەيمەنكى، شەخسىي ياخشىلىنىشنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسىگە ئۆرلىگەن كىشىلەر مەيدانغا كەلتۈرگەن ئەڭ چوڭ ئىش شۇكى، ئۇلار ئۆز تارىخى بىلەن بىر قانچە يۈز ياكى بىر نەچچە مىڭ شەخسكە تەسىر كۆرسەتتى. ئاندىن ئۇلار، ئۆزىنىڭ كەينىدە ئۆزلىرىنىڭ پاكلىقى ۋە تارىخىنىڭ ئېسىللىقىغا دالالەت قىلىدىغان تەسىرلەرنى قالدۇرۇپ پەرۋەردىگارىنىڭ دەرگاھىغا كەتتى. لېكىن، بۇ يول بۈيۈك ئىجتىمائىي ئىشلارنى تاماملاشقا كۇپايە قىلمايدۇ.

پالۋان ئۆزى شەخسەن كۈچلۈك، شىجائەتلىك بولسىمۇ ۋە مىقدارى ئەڭ ئېغىر

نەرسىنى كۆتۈرۈشكە قادىر بولالىسىمۇ، چىلىشىشتا بىر قانچە ئادەمنى يەر چىشلىتەلىسىمۇ، مۇنتىزىم ھەربىي قىسىمغا تەڭ كېلەلمەيدۇ ۋە ئۇنى توسالمايدۇ. مانا شۇنىڭغا ئوخشاش، ئەگەر ئىچىمىزدە شەخسى ياخشىلىنىشنىڭ بارلىق باسقۇچلىرىنى باشتىن كەچۈرگەن بىر تۈركۈم كىشىلەر بولسىمۇ، لېكىن، ئۇلارنىڭ ئۆز-ئارا مۇناسىۋىتى ۋە ئىجتىمائىي ھەمكارلىقى بولمىسا، ئۇلار مۇنتىزىم قىسىمنىڭ پائالىيەتچان ئەزاسى سۈپىتىدە ئىش قىلمايدىغان، شۇنداق بولسىمۇ، مۇنتىزىم قىسىمنى ئۆزى بىلەن ئېلىشىشقا چاقىرىدىغان پالۋاننىڭ ئورنىدىدۇر.

شەخسى ياخشى بولۇش نۇقتىسىدىن بىزنىڭ جامائىتىمىزمۇ ، ئاللاھ ئۇلارغا خاس قىلغان يۇقىرى ئەخلاق ۋە پاك ھالەتلەردە بىز خۇشال بولغۇدەك شەخسلەردىن خالىي ئەمەس. لېكىن، ( شۇنداق بولسىمۇ ) بىزنىڭ ئىجتىمائىي ھالىتىمىز بىزنى ئىجتىمائىي ياخشىلىق تەرەپتىن، خاتىرجەملىككە ۋە مەمنۇنىيەتكە چاقىرىدىغان دەرىجىدە ئەمەس، قۇرئان بۇ مەسىلىنى پرىنسىپ جەھەتتىن نۇرغۇن ئايەتتە روشەنلەشتۈرۈپ بەردى ھەم ئۇنى رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام نۇرغۇن ھەدىسلەردە تولۇق چۈشەندۈرۈپ بەردى . بىز قۇرئاننى رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ تارىخى ۋە ساھابە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلارنىڭ تارىخىغا ئائىت كىتابلارنى ئۆگەنسەك، بۇ كىتابلاردا تەلەپ قىلىنىۋاتقان بۇ ئىجتىمائىي ئەخلاقلارنىڭ ساناپ بولغىلى بولمايدىغان ئەمەلىي ئۈلگىلىرىنى تاپالايمىز.

شۇڭا سىلەر بۇ كىتابلارنى ئىنچىكە نەزەر بىلەن دەرس قىلىشىڭلار ۋە جامائەت ئىنتىزامىڭلاردا، نېمىلەرنىڭ قايسى تەرەپتىن كەمچىللىك قىلىۋاتقانلىقىنى روشەنلەشتۈرۈپ بىلىشىڭلار، ئاندىن، ئۇلارنى تۈزۈتۈشنى ئويلىشىڭلار كېرەك.

بۇ دۇنيادىكى ھەر قانداق شەخس ئۆزىدىن باشقا شەخسلەر بىلەن مۇئامىلە قىلىپ ياشايدۇ. ئەگەر شەخسلەر ئارىسىدا ياخشى گۇمان، ياردەم بېرىش، ئىخلاس، ئۆزىدىن

باشقىلارنى ئارتۇق كۆرۈش، بىر-بىرى ئۈچۈن قۇربانلىق بېرىش مەۋجۇت بولمىغان چاغدا، ئۇلارنىڭ خاراكتېرىدىكى ئوخشىماسلىق ئۇلار ئارزۇ قىلمىغان ھەمكارلىقنى چوقۇم يوقىتىدۇ. جامائەت تۈزۈمى پەقەت سەن باشقىلارنى دەپ، باشقىلارمۇ سىنى دەپ مەلۇم نەرسىلەردىن ۋاز كېچىش پرىنسىپى ئارقىلىق ماڭىدۇ. سىلەر ئۆزۈڭلارنىڭ باشقىلارنى ئارتۇق كۆرۈش ۋە قۇربانلىق بېرىشكە تەييار تۇرىدىغانلىقىڭلارنى ھېس قىلمىساڭلار، ئىجتىمائىي ھاياتتا ئىنقىلاب پەيدا قىلىشنى مەڭگۈ ئويلىماڭلار.

## 3-ئاللاھ يولىدا كۈرەش قىلىشتا لازىم بولىدىغان سۈپەتلەر

ئۈچىنچى تۈردىكى سۈپەتلەر بولسا ئاللاھ يولىدا كۈرەش قىلىشتا كېرەك بولىدىغان ئامىللاردىن ھېسابلىنىدىغان سۈپەتلەردۇر.

بۇ سۈپەتلەر قۇرئان-ھەدىستە تولۇق، تەپسىلىي سۆزلەنگەن بولۇپلا قالماي، ئۇ سۈپەتلەرنىڭ ھەر بىرى ھەققىدە، بۇ سۈپەت قايسى تۈر ۋە قايسى دەرىجىدە بولۇشى كېرەك دېگەن توغرىسىدىمۇ تەپسىلىي سۆز كەلگەن. قۇرئان ۋە ھەدىستىكى بۇ ھەقتە كەلگەن ھۆكۈملەر ۋە تەلىماتلارنى ئۆگىنىڭلار! ئاللاھ يولىدا كۈرەش قىلىش ئۈچۈن قانداق ئىقتىدارلار بىلەن قوراللىنىشىڭلار كېرەكلىكىنى ئېنىقلىۋېلىڭلار!

تۆۋەندە مەن سىلەرگە ئۇ سۈپەتلەرنىڭ بەزىسىنى قىسقىچە كۆرسىتىپ ئۆتىمەن.

بۇ سۈپەتلەرنىڭ بىرىنچىسى: سەۋر قىلىش.

سەۋر قىلىش توغرىسىدىكى سۆز قانداق باشلانغانلىقى، قۇرئاننىڭ ۋە رەسۇلۇللاھنىڭ سۆزلىرىنىڭ ھەر بىرىدە قانداق تەكرارلانغانلىقى سىلەرگە مەخپىي ئەمەس. سەۋر قىلىش ئاللاھ يولىدا كۈرەش قىلىش ئۈچۈن زۆرۈر بولغان سۈپەتلەرنىڭ بىرى بولۇپلا قالماستىن بەلكى، ھەر قانداق يولدا كۈرەش قىلىشنىڭ شەرتلىرىنىڭ بىرىدۇر. بۇ يەردىكى ئەڭ چوڭ پەرق شۇكى، ئاللاھ يولىدا كۈرەش قىلىش سەۋرنىڭ بىر تۈرىگە موھتاج بولىدۇ. دۇنيا يولىدا كۈرەش قىلىش سەۋرنىڭ يەنە باشقا بىر تۈرىگە

موھتاج بولىدۇ.

ئاللاھ يولىدا كۈرەش قىلىشتا سەۋر قىلىشنىڭ بىرقانچە يولى بار. ھەر قانداق ئىشىڭلاردا ئالدىراقسانلىق قىلىشتىن ۋە ۋاقتى كېلىشتىن ئىلگىرى قەدەم بېسىشتىن تامامەن ساقلىنىشىڭلار سەۋرنىڭ بىر يولى.

جاپا-مۇشەققەتلەر، سىناقلار، ئازابلار ۋە داۋانلارغا دۇچ كەلگەندە مەيدانى توغرا بولۇش، چىدامچانلىق ۋە ئارقىسىغا چېكىنمەسلىك سەۋرنىڭ بىر يولىدۇر.

تىرىشچانلىقىڭلارنىڭ كۆزلەنگەن نەتىجىلىرى چىقىشى كېيىنگە سۈرۈلگەن چاغدا، قەلبىڭلارنى ئۈمىدسىزلىك ۋە ئاجىزلىق قورشىۋالماسلىقى، شۇنداقتىمۇ داۋاملىق تىرىشچانلىق قىلىشىڭلار، غايە يولىدا مېڭىش جەريانىدا سىلەرگە خەتەر، زىيان ۋە ئاچكۆزلۈك نىشانلىرى توغرىلانغان چاغدىمۇ، قەدىمىڭلارنىڭ ھەمىشە ئاۋۋالقىدەك بولۇشى سەۋرنىڭ بىر يولىدۇر.

ئەڭ قىيىن ۋاقىتتىمۇ ۋە ئەڭ ھاياجانلىق  ھېسسىياتىغا چۆمۈلگەن ۋاقىتتىمۇ پىكىرىي تەڭپۇڭلۇقىڭلارنى يوقاتماسلىقىڭلار، قايتا-قايتا پىكىر قىلىش ۋە ئويلىنىشتىن ئىلگىرى، ھېسسىياتقا تايىنىپ قەدەم باسماسلىقىڭلار، تىنچ، ساغلام ئەقىل، تەۋرەنمەس قەلب ۋە مۇستەھكەم ئىرادە كۈچى بىلەن ھەرىكەت قىلىشىڭلار سەۋرنىڭ بىر يولىدۇر.

سەۋر قىلىشقا بۇيرۇلۇپلا قالماي بەلكى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۆزۈڭلارنى تۇتۇۋېلىشقا بۇيرۇلغانلىقىڭلار ئېنىقتۇر.

ئۆزىنى تۇتۇۋېلىش بولسا ئۆز-ئارا دۈشمەن كۈچلەر ئۆزىنىڭ باتىل غايىسىگە يېتىش يولىدا ئۇنىڭ بىلەن قوراللىنىپ تىرىشچانلىق قىلىدىغان سەۋردۇر. باتىل كۈچنىڭ شەۋكىتىنى سۇندۇرۇشىڭلار ۋە باتىل كۈچنى ھەقىقەتكە بويسۇندۇرۇشىڭلار ئۈچۈن ئۆزىنى تۇتۇۋېلىش ئىقتىدارى بىلەن قوراللىنىشىڭلار ۋە ئۆزۈڭلارنى تۇتۇۋېلىشتا

دۈشمەن كۆچلىرىدىن ئۈستۈن تۇرۇشىڭلار كېرەك. شۇڭا ئاللاھ: «(ئى مۆئمىنلەر! تائەت ئىبادەتنىڭ مۇشەققەتلىرىگە ۋە سىلەرگە يەتكەن ئېغىرچىلىقلارغا سەۋر قىلىڭلار) دەپ بولغاندىن كېيىن، (دۈشمەنلەرگە زىيادە چىدامىلىق بولۇڭلار)»دېگەن. ( ئال ئىمران 202-ئايەت ).

ھەقىقەت بايرىقىنى كۆتۈرۈش ئۈچۈن دۈشمەنلەرگە قارشى تۇرۇشنى ۋە ئۇلارغا جەڭ ئېلان قىلىشنى دەۋا قىلىۋاتقان سىلەر، ئۇلارنىڭ سەۋر قىلىشى بىلەن ئۆزۈڭلارنىڭ سەۋر قىلىشىڭلارنى سېلىشتۇرۇپ بېقىڭلار، سىلەر ئۆزۈڭلاردا دۈشمەنلەرنىڭ سەۋرچانلىقىنىڭ ئوندىن بىرى بارلىقىنى دەۋا قىلىشقىمۇ لايىق كېلىدىغانلىقىڭلارنى ھېس قىلماسلىقىڭلار مۇمكىن. سىلەر، گىرمانىيىلىكلەر، ياپونلۇقلار ۋە ئامېرىكىلىقلار باتىل سۆزىنى ئالىي قىلىش ئۈچۈن قانچىلىك تىرىشچانلىق كۆرسەتكەنلىكىنى بىلىشىڭلار ئۈچۈن ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ ۋەقەلىكىنى ۋە قورقۇنچلۇق ئىشلىرىنى ئوقۇپ بېقىڭلار. ئۇرۇش زۆرۈرىيەتلىرى تەلەپ قىلغاندا ئۇلار ئۆز قوللىرى بىلەن ئۇلارنى بىنا قىلىشقا بىر قانچە يىل توختىماي تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن ۋە ئىنتايىن كۆپ پۇل-مال سەرپ قىلغان زاۋۇتلارغا، كارخانىلارغا ۋە ۋوگزاللارغا ئۆز قولى بىلەن قانداق ئوت قويىدى؟ ئۇلار تۆمۈر چاقلىرى بىلەن كۆچلۈك قوشۇننى بېسىپ ئۆتۈپ كېتىۋاتقان تانكىلار ئالدىدا ئۆلۈمگە تەييار تۇرۇپ قانداق قەھرىمانلىق قىلدى؟ ئۆلۈم قانتى بىلەن ئۇچۇۋاتقان دۈشمەن ئايروپىلانلىرى سايىسىدا ئۇلار قانداق مۇستەھكەم تۇرالىدى ۋە قانداق جۈرئەتلىك بولدى؟

ئۇلارنىڭ يۇز پىرسەنت سەۋر قىلىشىغا نىسبەتەن سىلەرنىڭ سەۋر قىلىشىڭلار يۇز بەش پىرسەنتكە كۆتۈرۈلمىسە ، ئۇلارغا قارشى جەڭ ئېلان قىلىشقا ۋە ئۇلار بىلەن كۈرەش قىلىشقا جۈرئەت قىلىشىڭلار مۇمكىن ئەمەس. قورال ۋە تەييارلىق جەھەتتىن سىلەر ئۇلارنىڭ ئالدىدا ھېچنېمە ئەمەس ھالىتىڭلاردا، قورال ۋە تەييارلىقتىكى بۇ

كەمچىللىكلىكىڭلارنى پەقەت سەۋر، مۇستەھكەم تۇرۇش ۋە دۇرۇس بولۇش قورالى ئارقىلىقلا تولۇقلىيالايسىلەر.

ئاللاھ يولىدا كۈرەش قىلىشنىڭ كېرەكلىك ئامىللىرىنىڭ ئىككىنچىسى: ئۆزىدىن باشقىلارنى ئارتۇق كۆرۈش ۋە ئۆزىنى قۇربان قىلىش.

يەنى ۋاقتىنى قۇربان قىلىش، كۈچىنى قۇربان قىلىش، پىكرىي ئىقتىدارلارنى قۇربان قىلىش، گۈزەل، پارلاق كەلگۈسىنى قۇربان قىلىش ۋە ئارزۇ-ئارمانلارنى قۇربان قىلىشتۇر.

بىز ھەم مۇشۇ تۇپەيلىدىن باتىل بايرىقىنى كۆتۈرگۈچى كۈچلەردىن ئارقىدا. بىز بۇ كۈچلەردىن غالىب كېلىش ئۈچۈن ئۆزىمىزنىڭ قورال ۋە تەييارلىق جەھەتتىكى كەمچىللىكىمىزنى تولدۇرۇپلىشنى ئويلىساق، قۇربانلىق بېرىش، ئۆزىدىن باشقىلارنى ئارتۇق كۆرۈش جەھەتتە ئۇ كۈچلەردىن ئىلغار بولۇشىمىز لازىم. بىز مۇسۇلمانلار ئىچىدە، ئاللاھ بەرگەن جىسمانىي كۈچىنى، زېمىنىنى، ئىقتىدارنى مەلۇم مىقداردىكى مال- دۇنيا ئۈچۈن ئاللاھنىڭ دۈشمەنلىرىگە سېتىپ بېرىشتىن سېقىلمايدىغان كىشىلەرنىڭ بار بولۇشى كۆزنى ياش ئاققۇزىدىغان ۋە قەلبنى بىئارام قىلىدىغان ئىشلارنىڭ بىرىدۇر. ئىسلام ئۇممىتىنىڭ جەۋھىرى ئىسلام ئۇممىتى ئۇنىڭدىن ھېچقانداق پايدىلانماستىن، مانا مۇشۇنداق زايا بولۇپ كېتىۋاتىدۇ. ئۇممەت ئەزالىرىنىڭ كۆپى زور كېرىمىنىڭ مەنبەسىنى قۇربان قىلىپ، ئۆزلىرىگە يەتكۈدەك ئازغىنا ئايلىق مائاش ئېلىپ، ئىقتىدارىنىڭ يېتىشىچە ئاللاھنىڭ دىنىغا خىزمەت قىلىش ئۈچۈن ئۆزىنى تەقدىم قىلىشتىن ئاساسەن ئاجىز كېلىۋاتىدۇ. ئۇلار شۇنداق قۇربانلىق بېرىشكە ۋە ئاللاھ يولىدا كۈرەش قىلىش ئۈچۈن ئۆز تىرىشچانلىقىنى كۈزۈرۈك قىلىشقا قادىر بولالمىسا،

دۇنيادا ئۇستۇنلىكنى قولغا كەلتۈرۈش، ئىلگىرلەش ۋە تەرەققىياتنى قولغا كەلتۈرۈش ئىسلامىي ھەرىكەتكە ھازىر قانداقمۇ مۇمكىن بولسۇن؟

مەلۇمكى، دۇنيادىكى ھەر قانداق ھەرىكەت ئومۇمەن ھەرىبىلەرگىلا تايىنىپ ئۆز يولىدا ئالغا باسالمايدۇ. چۈنكى، ھەر قانداق جامائەت تۈزۈمىدە ھەرىبىلەر پەقەت ئىنسان بەدىنىدىكى قول-پۇتنىڭ ئورنىدا. قول-پۇتنى ئىشلىتىش ئۈچۈن ئاقىل قەلبلەر، تەپەككۇر قىلغۇچى ئەقىللەر بولمىسا بۇ قول-پۇتلار بىزگە قانداق پايدا ئېلىپ كېلەلەيدۇ ياكى باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، بىز بۇلارنى ئىشلىتىش ئۈچۈن بىرىنچى دەرىجىلىك قوماندانلار ۋە ئوفىتسېرلارغا موھتاج .

لېكىن ئۈممىتىمىز ئىچىدىكى بىرىنچى دەرىجىلىك پىكىرى ۋە قەلبى ئىقتىدارى بار شەخسلەرنىڭ دۇنياۋى تەرەققىياتقا ھېرىسمەنلىكى، كېچە-كۈندۈز مال-دۇنيا ۋە تەرەققىيات ئۈچۈن تىرىشچانلىق قىلىۋاتقانلىقى ئەپسۇسسىمىزنى قوزغايدىغان ئىشلارنىڭ بىرىدۇر. ئۇلار ئەڭ ئالىي بازاردا ئۆزلىرىنىڭ ئىقتىدارىغا يۇقىرى باھا قويۇۋاتقان خېرىدارلارنى قوبۇل قىلماۋاتىدۇ. ئۇلارنىڭ دەۋەتكە باغلىنىشى دەۋەت يولىدا ئۆزىنىڭ مەنپەئەتىنى بەلكى، مەنپەئەت ئىمكانىيىتىنى قۇربان قىلىش ئۈچۈن تەييار تۇرىدىغان دەرىجىگە يەتمىدى. قۇربان قىلىشقا قارىتا مۇشۇنداق سوغۇق ھېسسىياتقا تايىنىپ باتىل غايىلەر ئۈچۈن ھەر كۈنى نەچچە مىليون جۇنەيھنى قۇربان قىلىۋاتقان، يەر يۈزىدىكى ئاشۇ بۇزۇقچىلىق قىلغۇچىلار ئۈستىدىن ئۇرۇشتا غەلىبە قىلىشنى ئارزۇ قىلىدىغان بولساڭلار، ئەنە شۇلار ھاماقەتلىكىڭلاردىن باشقا نەرسە ئەمەس.

ئاللاھ يولىدا كۈرەش قىلىشتا كېرەكلىك ئامىلنىڭ ئۈچىنچىسى: قەلبتىكى قىزغىنلىق ۋە قەلب غايىگە باغلىنىش.

ئىنسان بۇ ھەرىكەتنىڭ نىشانلىرىنى چۈشىنىشى ۋە ئۇنىڭ توغرىلىقىغا ئەقلى جەھەتتىن ئىشىنىشى بۇ يولدا مېڭىشنىڭ دەسلەپكى قەدىمىدۇر. بۇنداق تەسرات

سەمىرتمەيدۇ ۋە ئاچلىقنى باسمايدۇ (يەنى ھېچنىمىگە ئەسقاتمايدۇ). قەلبىمىزدە لاۋۇلداپ تۇرغان ئوت بولىشى ۋە ئۇ ئوت كۆيۈشتە، بىرىمىز ئۆز بالىسىنىڭ كېسەللىكىنى ھېس قىلغان چاغدا ئۇنىڭ قەلبىگە تۇتىشىدىغان، بالىنى دوختۇرغا ئېلىپ بارمىغىچە ئۇنى خاتىرجەم قويمايدىغان ياكى ئۆز ئۆيىدە بالىلىرىنىڭ ئەڭ تۆۋەن دەرىجىدىكى تۇرمۇشىنىمۇ قامدىيالمىغان نەرسە تاپالمىغان چاغدا، ئۇنى بىئارام قىلىدىغان، داۋاملىق ئىرىشچانلىق قىلىشقا ۋە كۈچ چىقىرىشقا ئۇنى مەجبۇرلايدىغان ئوتقا ئوخشاش بولىشى زۆرۈر. قەلبىڭلاردا سىلەرنى ھەر ۋاقىت غايەڭلار يولىدا ئىرىشچانلىق كۆرسىتىشكە ھەيدەيدىغان، قەلبىڭلارنى خاتىرجەملىك بىلەن ئاۋات قىلىدىغان ۋە ئەقلىڭلارنى ئىخلاسمەنلىككە، ئاللاھ ئۈچۈن ئۆزىنى ئاتاشقا، دىنىنى خالىس قىلىشقا ئېرىشتۈرىدىغان، ئىرىشچانلىقڭلارنى، پىكىرىڭلارنى غايەڭلارغا مەركەزلەشتۈرۈپ، شەخسى ئىشىڭلار ۋە ئائىلىۋى مەسىلىلىرىڭلار دىققىتىڭلارنى تارتقاندا، ئۇلارغا خالىمىغان ھالدا قارايدىغان قىلىۋېتىدىغان سەمىمىي ھېسسىيات بولىشى كېرەك. ئىمكان بار، ۋاقىتڭلارنىڭ ۋە ئىرىشچانلىقىڭلارنىڭ پەقەت ئاز بىر قىسمىنىلا شەخسى مەنپەئىتىڭلار ۋە شەخسى ئىشىڭلار ئۈچۈن چىقىم قىلىشقا ئىرىشىڭلار. ئەگەر، شۇنداق قىلساڭلار، ۋاقىتىڭلارنىڭ، ئىرىشچانلىقىڭلارنىڭ كۆپ قىسمى سىلەر ھاياتنى ئۆزۈڭلارغا بەلگىلىگەن غايىگە قارىتىلىدۇ. ئەگەر بۇ ھېسسىيات زېھنىڭلاردا مۇستەھكەم بولمىسا، روھىڭلار ۋە ۋاقىتىڭلار بىلەن بىرلىشىپ كەتكەن بولمىسا، سىلەرنىڭ ئەقلىڭلارنى، پىكىرىڭلارنى ئەسىر قىلغان بولمىسا، قۇرۇق سۆزۈڭلار بىلەن جىم تۇرغان ئادەمنى ھەرىكەتكە كەلتۈرەلمەيسىلەر.

قاراپ باقمامسىلەر؟ نۇرغۇن كىشىلەر ئۆز ئوي-خىياللىرىنىڭ تەقەززاسىدا بىز بىلەن بىللە مېڭىشقا ۋە بىزگە ياردەم بېرىشكە تەييارلىنىدۇ . لېكىن، بەك ئاز كىشىلەرلا، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ماللىرى ۋە جانلىرى بىلەن بۇ ئىشتا بىزگە شېرىك

بولالايدۇ. بىر قانچە كۈن ئىلگىرى كونا دوستلىرىمنىڭ بىرى مېنىڭ قېشىمدا ئېتىراپ قىلدى. ئۇ پەقەت، پىكىرى خاتىرجەملىك ئاساسىدا جامائەت بىلەن بىللە بولغىنىكەن، جامائەتنىڭ دەۋىتى ئۇنىڭ روھى بىلەن بىرلەشمىگەنىكەن، جامائەتنىڭ دەۋىتى ئۇنىڭ كۆڭلىدە ئەمەس، پەقەت سۆزىدىلا مۇستەھكەم بولغان ئىكەن. ئىچىمىزدىكى ھەر بىر كىشى، مەن جامائەتنىڭ پەقەت پىكىرى ئەزاسىمۇ ياكى ھېسسىيات ئوتى ۋە غايىنى جانىدىنمۇ بەكرەك ياخشى كۆرۈش ئوتى ماڭا تۇتاشتىمۇ؟-دەپ ئۆزىدىن ھېساب ئالسا ۋە ئۆزى ھەققىدە مۇشۇنداق ئويلانسا، نېمىدېگەن ياخشى بولاتتى -ھە!

ھەر بىرىمىزنىڭ قەلبى بىلەن جامائەتنىڭ دەۋىتى ئوتتۇرىسىدىكى مېھىر كۈچلۈك بولمىسا، ئۇ مۇشۇنداق ھېسسىياتنى پەيدا قىلىش ئۈچۈن تىرىشچانلىق قىلسۇن.

ئىنساننىڭ قەلبى غايىگە باغلانغان، پىكرى غايىگە تەلپۈنگەن چاغدا ئىنسان قىزىقتۇرۇشقا ۋە ھەيدەكچىلىككە موھتاج بولمايدىغانلىقى ھەقىقەت.

جامائەت ئەزالىرىدا مۇشۇ كۈچ مەۋجۇت بولسا، ئۇلارنىڭ دەۋەت تارقىتىشتىكى پائالىيەتنىڭ ھەر قانداق تارمىقىنى تاشلاپ قويۇشى، بىر ئورۇندىن يەنە بىر ئورۇنغا يۆتكەلگەن چاغدا، ئۇنىڭدا ئاجىزلىق ۋە پالەچلىككە ئوخشاش ئىشلار پەيدا بولىشى ۋە دەۋەتتىن چېكىنىشى ئەسلا مۇمكىن ئەمەس.

بىرىڭلارنىڭ بالىسى ئاغرىپ قالغان چاغدا، ئۇ بالىسىنىڭ ھايات-ماماتلىق مەسىلىسىنى ھەرگىز باشقا ئادەمگە تاشلاپ قويمايدۇ. بالىسىنىڭ كېسىلىنى بېقىشقا ئادەم تاپالمىغانلىقىنى باھانە قىلىپ، بالا بىلەن كارى بولماسلىقى ۋە ئۇنىڭغا دورا ئەكىلىپ بەرمەسلىكى ياكى دوختۇرغا ئېلىپ بارماسلىقى مۇمكىن ئەمەس.

دېمەك، ئۇ ئادەم بۇ ئىشلارنى قىلىشقا ئۆزىدىن باشقا ئادەم تاپالمىسا ئۇلارنى ئۆزى قىلىدۇ. چۈنكى، ئۇ ئۇنىڭ بالىسى، بالىسىنى بېقىش ئۇنىڭ بۇرچى.

بىر كىشى ئۆزىنىڭ بالىسىدىن باشقا باللارغا پەرۋا قىلماسلىقى ۋە باشقىلارنىڭ بالىسىنىڭ ئىشى ئۇچۇن پىكىر قىلىشقا ئۆزىنى مەجبۇرلىماسلىقى مۇمكىن. لېكىن، ئۆز پۇشتىدىن بولغان بالىسىغا كۆز يۇمۇۋېلىشى ۋە ئۇنى داۋالىتىشقا بارلىق كۈچىنى چىقىرىشنى خالىماي تۇرۇۋېلىشى مۇمكىن ئەمەس.

ئەگەر سىلەرنىڭ بۇ دەۋەتنىڭ ئىشىغا بولغان مېھرىڭلار ئاشۇنداق، يۈرىكىڭلارنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدىن چىققان بولسا دەۋەت ئىشىغا پەرۋا قىلماي، تاشلاپ قويۇپ، ئۇنى باشقىلارغا ئارتىپ قويۇشۇڭلار نەدە مۇمكىن بولسۇن؟ شۇنداقلا، ئاشۇ چاغدا سىلەر بىلەن بىللە ئۇ ئىشنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا ياردەم بېرىدىغان ئادەم تاپالمىغانلىقىڭلارنى ياكى تاپالىساڭلارمۇ خاتا يولدا ماڭىدىغانلىقىنى باھانە قىلىپ، باشقا ئىشلىرىڭلار بىلەن مەشغۇل بولۇپ ئۆيۈڭلاردا، بېشىڭلارنى ئىچىڭلارغا تىقىپ ئولتۇرۇۋېلىپ، دەۋەتنى جان تالاشقان ھالدا تاشلاپ قويىشىڭلار مۇمكىن ئەمەس. ئەگەر مۇشۇ بىر نەرسىنى ئۇقتۇرۇپ بېرەلىسە، سىلەرنىڭ ئاللاھنىڭ دىنىغا بولغان مېھرىڭلارنىڭ ئىنسانىنىڭ ئۆز بالىسىدىن باشقا باللارغا بولغان مېھرىگە ئوخشاش ئاجىزلىقىنى ۋە زېمىنىدا ئاللاھنىڭ سۆزىنى ئۈستۈنلىككە ئېرىشتۈرۈش ئۈچۈن تىرىشچانلىق قىلىشتا بوشاڭلىق قىلغانلىقىڭلارنى ئۇقتۇرۇپ بېرىدۇ .

ئەگەر سىلەر ئۇنىڭ سەۋەبىدىن ئورنۇڭلاردىن تۇرغان غايەڭلارگە بولغان مېھرىڭلار ھەقىقەتەن كۈچلۈك بولىدىغان بولسا، ھەر بىرىڭلار غايە يولىدا ئۆزىنى ئۇنتۇپ قالغان بولاتتى ۋە غايىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش يولىدا ھايات-ماماتقا پەرۋا قىلىپ كەتمەيتتى. سىلەرگە مۇنداق دېيىشىمگە رۇخسەت قىلىڭلار.

سىلەر بۇ دەۋەت يولىغا ئاياللىرىڭلار، باللىرىڭلار، ئاتا-ئاناڭلارغا قارىتا ھېس قىلىدىغان ئاشۇ چىن يۈرەكتىن چىققان ھېسسىياتتىنمۇ ئاجىز ھېسسىيات بىلەن قەدەم باسساڭلار، سىلەر چوقۇم تىزلا مەغلۇبىيەتكە دۇچار بولىسىلەركى، بىزنىڭ

كېيىنكى ئەۋلادلىرىمىز بۇنداق ھەرىكەتنى ئېلىپ بېرىشنى ئويلاشقىمۇ جۈرئەت قىلالمايدۇ. سىلەر چوڭ قەدەملەرنى مەقسەت قىلىشتىن ئىلگىرى ئۆزۈڭلارنىڭ قەلبى ۋە ئەخلاقى كۈچ-قۇۋۋىتىنى تەكشۈرۈپ بېقىشىڭلار زۆرۈر.

ئۆزۈڭلاردا ئاللاھ يولىدا كۈرەش قىلىش ئۈنىڭغا موھتاج بولىدىغان جۈرئەت، ئالغا ئىلگىرلەش كۈچى ۋە خەتەرگە يۈزلىنىش كۈچىنى بارلىققا كەلتۈرۈشىڭلار زۆرۈر.

ئاللاھ يولىدا كۈرەش قىلىشتا كېرەكلىك ئامىللارنىڭ تۆتىنچىسى: ئۆزۈڭلارنى ئۈزلۈكسىز تىرىشچانلىققا ۋە ئىنتىزامچانلىق يولىغا ئادەتلەندۈرۈشتۇر.

بىزنىڭ ئۈممىتىمىز ئۇزاق زامانلاردىن باشلاپ، قىسقا ۋاقىتقا موھتاج بولىدىغان ئىشلارنى قىلىشقا، ئەگەر ئۇ ئۆزىنىڭ ئالدىدا قىلىنغان ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى ئۈچۈپ يۈرگەن تورانغا ئايلاندۇرۇۋەتكەن تەقدىردىمۇ، ئۇنىڭ نەتىجىسى ئەتىگەن-ئاخشامدىلا كۆرۈلىدىغان قەدەملەرنى بېسىشقا ئادەتلەنگەن.

ئۆزۈڭلاردىكى بۇ ئادەتنى ئۆزگەرتىشىڭلار، تەسىرى ۋە نەتىجىسى يىراق، پۇختا ئىشلارنى تەدرىجىي مۇنتىزىم يول بىلەن قىلىشقا كۆندۈرۈشىڭلار كېرەك.

ھەر قانداق ئىش ئۆز دائىرىسىدە مۇھىم بولۇپ، سىلەرنىڭ نەزىرىڭلاردا تىلغا ئالغۇچىلىكى يوق بولسىمۇ، ئۇ ئىش سىلەرگە تاپشۇرۇلسا كۆزگە كۆرۈنۈپ تۇرغان تىز نەتىجىنى كۈتمەستىن، كىشىلەرنىڭ ماختىشىنى ئۈمىد قىلماستىن پۈتۈن ھاياتىڭلارنى سەرپ قىلىشىڭلار زۆرۈر.

ئاللاھ يولىدا كۈرەش قىلىش مەيدانى داۋاملىق قىزىپ كەتكەن بولمايدۇ. جەڭچىلەردىن ھەر بىر شەخس پەقەت، ئالدىنقى سەپلەردە ئۇرۇش قىلىدىغان ئۇرۇش مەۋجۇت ئەمەس. بەلكى، جىھاد مەيدانىدىكى بىر قېتىملىق ئۇرۇش ئۇزاق مەزگىل جىمجىت تەييارلىق قىلىشقا موھتاج بولىدۇ .

مىڭلىغان جەڭچى ئۇرۇش مەيدانىدا، ئالدىنقى سەپتە ئۇرۇش قىلغان چاغدا، ئون

مىڭلىغان ۋە يۈز مىڭلىغان جەڭچى ھەربىي ئىمتىھانلارغا ئالاقىدار بولغان، سىرتقى جەھەتتىن تىلغا ئالغۇچىلىكى يوقتەك كۆرۈنىدىغان ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

## ئاللاھ بىلەن ئالاقە باغلاش

پەيغەمبەرلەر، توغرا يولنى تۇتۇپ ماڭغۇچى خەلىپىلەر ۋە ئۈممەتنىڭ سالىھ كىشىلىرى ئۆزلىرىنىڭ ئەگەشكۈچىلىرىگە ۋە ھەمراھلىرىغا، ھەر قانداق ئىش قىلغاندا تەۋسىيە قىلىدىغان ئەڭ بىرىنچى ئىش بولسا ھەمىشە ئاللاھتىن قورقۇش ۋە قەلبلىرىنى ئاللاھنىڭ مۇھەببىتى بىلەن ئاۋاتلاشتۇرۇش، ئىتائەت ۋە ئىبادەت بىلەن ئاللاھقا يېقىنلىشىشتۇر. مانا بۇ ، مەن دائىم دوستلىرىمغا تەۋسىيە قىلىپ كېلىۋاتقان ئىشتۇر. كەلگۈسىدە ھەم پۇرسەت يار بەرسىلا پەيغەمبەرلەرنىڭ سۈننىتىگە ئەگىشىپ، خەلىپىلەرنى ۋە سالىھلارنى ئۈلگە قىلىپ ئۇنى ھەمىشە تەۋسىيە قىلىپ تۇرىمەن. بۇ ھەممە ئىشنىڭ ئالدىغا قويۇلىشى كېرەكلىكىدە شەك يوق. چۈنكى، ئاللاھقا ئىمان ئېيتىش ئەقىدىدە ھەممىنىڭ ئالدىدا.

ئاللاھ بىلەن بولغان مۇناسىۋەت ۋە ئاللاھقا يېقىنلىشىش ئىبادەتتە ھەممىنىڭ ئالدىدا.

ئاشكارا-يوشۇرۇن ئىشلاردا ئاللاھتىن قورقۇش ئەخلاقتا ۋە ئادەتلەردە ھەممىنىڭ ئالدىدا.

ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى تەلەپ قىلىش مۇئامىلە ۋە ئەمەللەردە ھەممىنىڭ ئالدىدا.

ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، ھاياتىمىزنىڭ ئىسلاھ بولىشى، قىلىۋاتقان تىرىشچانلىق ۋە كۈچ سەرپ قىلىشنىڭ كېيىندىكى مەقسىتىمىز پەقەت ئاللاھ رازىلىقىنى تەلەپ قىلىش بولۇشقا باغلىقتۇر. بولۇپمۇ، بىز جامائەت شەكلىدە ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئېلىپ بارغان بۇ ئىشتا شۇنداق، ئىشنى ئالغا ئىلگىرىلىتىش ۋە نەتىجە چىقىرىش پەقەت، بىزنىڭ ئاللاھ تائالا بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىمىزگىلا تايىنىش

بىلەن مۇمكىن بولىدۇ. دېمەك، بىزنىڭ ئاللاھ بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىمىز قانچە كۈچلۈك، پۇختا بولسا بۇ ئىش شۇنچە كۈچلۈك بولىدۇ. ئاللاھ بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىمىز ئاجىز بولسا بۇ ئىش ئاجىز بولىدۇ. ئىنسان بۇ دۇنيادا قىلىدىغان ئەمەللەر مەيلى دىنى ئىش بولسۇن ياكى دۇنياۋى ئىش بولسۇن، ئۇ شۇلارنىڭ سەۋەبىدىن ئۇ ئىشنى قىلىدىغان نىشانلار ئۇنىڭغا تۇرتكە بولىدىغانلىقى ۋە ئۇنى ئۇ يولغا ماڭغۇزىدىغانلىقى ھەممىگە مەلۇم ئىشنىڭ جۈملىسىدىندۇر. ئاشۇ ئىش ئۇنىڭ ئەقلىنى ئەسىر قىلغان، قەلبى ۋە روھى بىلەن بىرلىشىپ كەتكەن ۋە ئۇ ئىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا قىزغىن بولغان چاغدىلا، ئۇ كىشىدە جاپا-مۇشەققەت تارتىش، ئەستايىدىللىق ۋە تىرىشچانلىق كۆرسىتىش پەيدا بولىدىغانلىقى ھەممىگە مەلۇم، ئېنىق ئىشنىڭ جۈملىسىدىندۇر.

مەسىلەن: ئۆزىنىڭ نەپسى ئۈچۈنلا ئىشلەيدىغان ئادەمدە نەپسانىيەتچىلىك ۋە ئۆزىنى ياخشى كۆرۈش بولمىسا ئۆز نەپسىگە چوقۇنىشى مۇمكىن ئەمەس. ئۇ ئادەم ئۆز نەپسىنى قانچىلىك ياخشى كۆرسە نەپسىگە قارىتا شۇنچىلىك ئىخلاسى، قىزغىنلىقى ۋە قەتئىي تىرىشچانلىقى بىلەن ئىشلەيدۇ. ئەۋلادلار ئۈچۈن ئىشلەيدىغان كىشى ئەۋلادلىرىنىڭ مۇھەببىتىگە ئەسىر بولىدۇ. بۇ مۇھەببەت تۈپەيلى ئۆزىنىڭ راھىتى، مېلى ۋە جىنىنى ئەۋلادلىرىنىڭ ئەھۋالىنى ياخشىلاش ئۈچۈن قۇربان قىلىدۇ. ئۇ ئادەم ھارغىنلىقنى ئەمەس، بەلكى، ئۆزى ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن، ئەۋلادلىرىنى خۇشاللىق، ھەشەمەتلىك، كەڭتاشا، راھەت-پاراغەتتە ياشىغان ھالدا قالدۇرۇشنىڭ يولىدا دۇنياسىنىلا ئەمەس، ئاخىرىتىنىمۇ دوغا تىكىدۇ .

مىللىتى، ۋەتىنى ئۈچۈن ئىشلەيدىغان ئادەم ۋەتەن-مىللەت مۇھەببىتىگە تويۇنغان بولىدۇ. شۇڭا، ئۇ ئېغىر زىيان ۋە ئېغىر قىيىنچىلىققا چىدايدۇ. تۈرمىگە قامىلىش مۇشەققەتلىرىنى ۋە سىناقلىرىنى باشتىن ئۆتكۈزىدۇ. ئۆزىنى ۋە قىممەتلىك

نەرسىلىرىنى مىللەت، ۋەتەن يولىدا قۇربان قىلغان ھالدا كېچىنى كۈندۈزگە ئۇلايدۇ. شۇڭا، سىلەر دەۋەت ئىشىنى نەپسىڭلار ئۈچۈن، ھاۋايى-ھەۋىسىڭلار ئۈچۈن ئېلىپ بارمىغان، بىرەر ئائىلىۋى غەرىزىڭلار سىلەرنىڭ دەۋەت قىلىشىڭلارغا ھەيدەكچىلىك قىلمىغان، بىرەر مىللەتچىلىك، ۋەتەنپەرۋەرلىك مەنپەئەتكە كۆز تىكمىگەن ئىكەنسىلەر، بۇ دەۋەتنى ئېلىپ بېرىشتىن مەقسەت قىلىدىغىنىڭلار ۋە تامايىڭلار پەقەت، دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ئاللاھ رازىلىقىغا ئېرىشىش بولغان ئىكەن، شۇنى بىلىش سىلەرگە قىيىن كەلمىسۇنكى، سىلەرنىڭ ئاللاھ بىلەن بولغان ئالاقەڭلار ئاجىز بولسا بۇ ئىشقا ھېچقانداق تەرەققىيات ۋە ئىلگىرىلەش نېسىپ بولىشى مۇمكىن ئەمەس. سىلەرنىڭ بارلىق قىزىقىشىڭلار ئاللاھنىڭ سۆزىنى ئۈستۈن قىلىشقا مەركەزلەشكەندىلا تىرىشچانلىق، ئىخلاس، ئۆزىنى بېغىشلاش ۋە قىزغىنلىق ئاتا قىلىنىشى مۇمكىن. بۇ ئىشقا قاتناشقۇچىلارنىڭ ئاللاھ بىلەن ئالاقىسى بولسىلا كۇپايە قىلمايدۇ. بەلكى، ئۇلارنىڭ ئالاقىسى يالغۇز، يەككە-يېگانە ئاللاھ بىلەنلا بولىشى زۆرۈر. ئۇلارنىڭ ئاللاھ تائالا بىلەن بولغان ئالاقىسى، ئۇلارنىڭ ئالاقىلىرىنىڭ بىرى بولسا بولمايدۇ. بەلكى، ئۇلارنىڭ ئاللاھ تائالا بىلەن بولغان ئالاقىسىلا ئۇلارنىڭ بىردىنبىر ھەقىقىي ئالاقىسى بولىشى زۆرۈر. شۇڭا، ئۇلارنىڭ بارلىق ئوي-خىيالى، ئاللاھ بىلەن بولغان مۇناسىۋەتكە نۇقسان يەتكۈزمەسلىككە، ئۇ ئالاقىنى ئازراقمۇ ئاجىزلاتماسلىققا، بەلكى، كۈنسېرى كۈچەيتىش ۋە مۇستەھكەملەشكە قارىتىلىشى كېرەك. بىزنىڭ ئاللاھ بىلەن بولغان ئالاقىمىز بۇ ئىشنىڭ جېنى ۋە ئاساسى ئىكەنلىكىگە ئارىمىزدا ئىختىلاپ يوق. مەن جامائىتىمىز ئىچىدە بۇ ھەقىقەتتىن غاپىل قالىدىغان كىشىنىڭ بولمىغانلىقى ئۈچۈن ئاللاھقا شۈكۈر ۋە ھەمدۇ ئېيتىمەن. لېكىن بۇ يەردە جامائەت ئەزالىرىنىڭ كۆپ قىسمىنى بىئارام قىلىدىغان بىرقانچە سوئال بار.

ئىنسانىنىڭ ئاللاھ بىلەن ئالاقە باغلىشىنىڭ ھەقىقى مەقسىتى نېمە؟

ئۇ ئالاقىنى كۈچلەندۈرۈش ۋە يۈكسەلدۈرۈش ئۈچۈن ئىنسان قانداق ئەمەل قىلىشى زۆرۈر؟

ئىنسان ئۆزىنىڭ ئاللاھ بىلەن بولغان ئالاقىدىن بەھرىمەن بولغۇچى ئىكەنلىكىنى ۋە قايسى دەرىجىدە بەھرىمەن بولغۇچى ئىكەنلىكىنى ئېنىق بىلەمدۇ؟

مەن جامائەت ئەزالىرىنىڭ ئېنىق جاۋابنى بىلمەيدىغانلىقىنى بىر قانچە قېتىم ھېس قىلدىم. ئۇلار ئۆزلىرىنى يول بەلگىسى يوق، مەقسەت قىلغان غايىگە بارىدىغان يولنى روشەن قىلىپ بېرىدىغان كۆرسەتكۈچلەر يوق چۆلدە تۇرۇۋاتقاندەك ھېس قىلىدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ قانچىلىك يولنى بېسىپ بولغانلىقى ۋە ئۆزلىرىنىڭ ئالدىدا بېسىپ ئۆتۈشكە تېگىشلىك قانچە باسقۇچ بارلىقىنى بىلمەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، كۆپىنچىلەر چۈشىنىكسىز تەسەۋۋۇرنىڭ ئىچىدە ئېزىپ كېتىۋاتىدۇ. بەزىلەر مەقسەت قىلىنغان غايىگە يەتكۈزمەيدىغان يولغا بۇرۇلۇۋاتىدۇ. غايىگە ئالاقىدار ئىشلارنى پەرقلەندۈرۈش بەزىلەرگە قىيىن بولۇۋاتىدۇ. ئۇلارنىڭ بەزىسىنى گاڭگىراش ۋە غەم چىرمىۋېلىۋاتىدۇ.

شۇ سەۋەبتىن، بۈگۈن مەن سىلەرگە ئاللاھ بىلەن مۇناسىۋەت باغلىشقلارغا ۋە ئاللاھقا يېقىن بولۇشقلارغا نەسىھەت قىلىش بىلەن كۇپايىلىنىپ، (تىرىشچانلىقىم ۋە ئىلمىم ئاساسىدا ) بۇ سوئاللار ھەققىدە جاۋاب بېرىشكە تىرىشىمەن.

## ئاللاھ بىلەن ئالاقە باغلاشنىڭ مەنىسى

ئىنساننىڭ ئاللاھ بىلەن ئالاقە باغلىشىنىڭ مەقسىتى___ قۇرئان كەرىمنىڭ بايانى بويىچە، ئىنساننىڭ ھاياتى، ماماتى، نامىزى ۋە قۇربانلىقى يالغۇز يەككە-يېگانە ئاللاھ ئۈچۈنلا بولۇشتۇر. « ( ئى مۇھەممەد! ) ئېيتقىنكى، مېنىڭ نامىزىم، قۇربانلىقىم، ھاياتىم ۋە ماماتىم (دۇنيادا قىلغان ياخشىلىقلىرىم ۋە تائەت ئىبادەتلىرىم ) ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھ ئۈچۈندۇر». (سۈرە ئەنئام 162-ئايەت) ھەم دىنىنى ئاللاھقا خالىس قىلغان ھالدا ئىبادەت قىلىشتۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بەندە بىلەن پەرۋەردىگارى ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقىنى بىرقانچە سۆزدە چۈشىنىشلىك قىلىپ شەرھلەپ بەردى.

بىز رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ: «ئاشكارا-يوشۇرۇن ئىشلاردا ئاللاھتىن قورقۇش ۋە ساڭا، سىنىڭ قولۇڭدىكى نەرسىدىنمۇ ئاللاھنىڭ قولىدىكى نەرسە ئىشەنچلىكراق بولىشى، سەن ئاللاھنى غەزەپلەندۈرۈش بىلەن ئىنسانلارنىڭ رازىلىقىنى ئىزدەشنىڭ ئەكسىچە، ئىنسانلارنى غەزەپلەندۈرۈش بىلەن ئاللاھنى رازى قىلىشنى ئىستەيسەن» دېگەن سۆزلىرىنى تەتقىق قىلغىنىمىزدا ئاللاھ بىلەن ئالاقە باغلاشنىڭ مەنىسىنى بىلىمىز. بۇ ئالاقە كۈچىيىپ، ھەتتا، ئىنساننىڭ مۇھەببىتى، نەپرىتى، بېرىش–بەرمەسلىكىگە ئۇنىڭ نەپسانىي قىزىقىشى ۋە نەپسانىي نەپرىتى ئارىلاشماي ئۇلارنىڭ ھەممىسى يالغۇز يەككە-يېگانە ئاللاھ ئۈچۈنلا بولغان چاغدا ئەنە ئاشۇ ئۇ كىشىنىڭ ئاللاھقا بولغان مېھرى مۇكەممەل بولغان بولىدۇ.

كىمكى ئاللاھ ئۈچۈن ياخشى كۆرسە، ئاللاھ ئۈچۈن بەرسە ۋە بەرمىسە، ئىمانى كامىل بولغان بولىدۇ. سىلەر ھەر كۈنى كېچىدە ۋىتىر نامىزىڭلارنىڭ ئاخىرقى رەكئىتىدە ئوقۇيدىغان دۇئايىڭلارنى ھەر ۋاقىت ئەسلەپ تۇرۇشىڭلار كېرەك.

سىلەر مۇنداق دېمەمسىلەر؟ «ئى ئاللاھ ! بىز سىلىدىن ياردەم تەلەپ قىلىمىز سىلىنىڭ بىزنى ھىدايەت قىلىشلىرىنى تەلەپ قىلىمىز. سىلىدىن مەغپىرەت تەلەپ قىلىمىز. سىلىگە ئىمان ئېيتىمىز. سىلىگە تەۋەككۇل قىلىمىز. ياخشىلىقنىڭ ھەممىسىنى سىلىگە مەنسۇپ دەپ مەدھىيىلەيمىز. سىلىگە تەشەككۇر ئېيتىمىز، سىلىگە كۇفرىلىق قىلمايمىز. سىلىگە فاجىرلىق قىلغان كىشىنى تەرك ئېتىمىز ۋە ئۇنىڭدىن ئايرىلىمىز. ئى ئاللاھ! ساڭىلا ئىبادەت قىلىمىز. نامازنى سىلى ئۈچۈن ئوقۇيمىز. سىلىگە سەجدە قىلىمىز. سىلى تەرەپكە يۈگۈرەيمىز. سىلىنىڭلا خىزمەتلىرىنى قىلىمىز. سىلىنىڭ رەھمەتلىرىنى ئۈمىد قىلىمىز. سىلىنىڭ

ئازابلىرىدىن قورقىمىز، ھەقىقەتەن سىلىنىڭ قاتتىق ئازابلىرى كۇففارلارغا لايىق». سىلەر بۇ دۇئا كەلىمىلەر ئۈستىدە ئويلىنىشىڭلار كېرەك. ھەر كۈنى كېچىدە ئۇنى ئىقرار قىلىپ، ئاللاھ بىلەن ئوتتۇرۇڭلاردىكى قايسى ئالاقىنى كۈچەيتكەنلىكىڭلارنى ئويلىنىشىڭلار كېرەك.

بۇ ئالاقىنىڭ شەكلى ھەم رەسۇلۇللاھ كېچىدە ناماز ئوقۇغان چاغدا قىلىدىغان ئاشۇ دۇئادا ئەكس ئەتكەن ئىدى. رەسۇلۇللاھ بۇ دۇئادا پەرۋەردىگارىغا خىتاب قىلىپ: «ئى ئاللاھ سىلىگە بويسۇندۇم. سىلىگە ئىمان ئېيتتىم. سىلىگە تەۋەككۇل قىلدىم. سىلى تەرەپكە قايتتىم. سىلى ئۈچۈن جېدەللەشتىم، سىلىنىڭ ھۆكۈملىرىنى تەلەپ قىلدىم» دەيتتى .

## ئاللاھ بىلەن بولغان ئالاقىنى كۈچەيتىش يولى

ئاللاھ بىلەن بولغان مۇشۇ ئالاقىنى بارلىققا كەلتۈرۈشنىڭ پەقەت بىرلا يولى بار. ئۇ يول بولسا ئىنسانىنىڭ يالغۇز، يەككە-يېگانە ئاللاھنى مېنىڭ ۋە ئاسمان-زېمىندىكى ھەممە مەخلۇقاتلارنىڭ پەرۋەردىگارى ۋە ئىلاھى دەپ ئىشىنىپ، ئۇلۇھىيەت سۈپەتلىرى، ئۇلۇھىيەت ھوقۇقلىرى، ئۇلۇھىيەت سالاھىيەتلىرى ئاللاھ تائالاغا خاس دەپ ئېتىقاد قىلىشى ۋە قەلبىنى شېرىكنىڭ ئارىلاشمىلىرىدىن پاكلىشىدۇر. ئىنسان مۇشۇنىڭ ھەممىسىنى مۇشۇ يول بويىچە تاماملىسا ئۇنىڭ بىلەن ئاللاھ تائالا ئوتتۇرىسىدا ئالاقە ئورنىتىلىدۇ.

ئەمما، بۇ ئالاقىنى كۈچەيتىش ۋە يۈكسەلدۈرۈش ئىككى يول بىلەن بولىدۇ.

### چۈشىنىش، تەپەككۇر قىلىش يولى ۋە ئەمەل قىلىش يولى

ئاللاھ بىلەن بولغان ئالاقىنى چۈشىنىش ۋە تەپەككۇر قىلىش يولى بىلەن كۈچلەندۈرۈش___ ئۆزۈڭلار بىلەن ئاللاھ ئوتتۇرىسىدا بار بولغان فىترەت ۋە رېئاللىق جەھەتتىكى تەۋەلىكنىڭ يوللىرىنى تونۇشتا قۇرئان ۋە ھەدىستىن پايدىلىنىش ئۈچۈن،

قۇرئان كەرىم ۋە رەسۇلۇللاھنىڭ سەھىھ ھەدىسلىرىنى تولۇق چۈشىنىپ ۋە تولۇق ئويلىنىپ قايتا-قايتا ئۆگىنىشىڭلاردۇر. سىلەر بۇ يوللارنى تونۇغان ۋە ئەھۋالىڭلارنى تەكشۈرۈپ باققان چېغىڭلاردا بۇ يوللاردىن قايسىغا ئەھمىيەت بېرىپ، ئۇنىڭ تەقەززالىرىنى قايسى چەككىچە ئەمەلگە ئاشۇرغىنىڭلارغا، ئۇ ئىشتا ئۆزۈڭلاردا قايسى نۇقسانىنىڭ بارلىقىنى ھېس قىلغانلىقىڭلارغا قاراپ بېقىڭلار.

سىلەردە مۇشۇ تۇيغۇ قانچە كۈچەيسە سىلەرنىڭ ئاللاھ بىلەن بولغان ئالاقەڭلار شۇنچە كۈچىيىدۇ. مەسىلەن: سىلەر بىلەن ئاللاھنىڭ ئارىسىدىكى تەۋەلىك يوللىرىنىڭ بىرى شۇكى، سىلەر ئاللاھنىڭ بەندىلىرى، ئاللاھ سىلەرنىڭ رەببىڭلار. سىلەر ئاللاھنىڭ زېمىنىدىكى خەلىپىلىرى، ئاللاھ سىلەرگە سان-ساناقسىز، ھېسابلاپ بولغىلى بولمايدىغان نېئمەت ۋە بايلىقنى بەردى. سىلەر ئاللاھقا ئىمان ئېيتقانلىقىڭلار ئۈچۈن سىلەرگە جەننەتنى بېرىش بەدىلىگە جانلىرىڭلارنى ۋە ماللىرىڭلارنى سىلەردىن سېتىۋالدى.

ئاللاھنىڭ ئالدىدا سورالغۇچىسىلەر، ئاللاھ سىلەرنىڭ سىرتقى قىياپىتىڭلار ئاساسىدا ھېساب ئالمايدۇ. بەلكى، سىلەرنىڭ ھەرىكىتىڭلار، جىم تۇرغىنىڭلار، مەقسەت-نىيىتىڭلار ئۇنىڭ دەرگاھىدا پۈتۈنلەي خاتىرىلەنگەن. مانا مۇشۇ ئاللاھ بىلەن سىلەرنىڭ ئاراڭلاردىكى تەۋەلىك يوللىرىنىڭ بىرىدۇر .

بۇنداق يوللار كۆپتۇر. دېمەك، ئاللاھ بىلەن بولغان ئالاقەڭلارنىڭ كۈچىيىشى ۋە ئاللاھقا يېقىنلىشىشىڭلار تەۋەلىك يولىنى چۈشىنىش، ھېس قىلىش ۋە تەۋەلىك يولىنىڭ تەلەپلىرىگە ۋاپا قىلىشقا باغلىق بولىدۇ. سىلەر تەۋەلىك يوللىرىدىن قانچىلىك غەپلەتتە قالساڭلار ۋە ئۇلارنىڭ تەلەپلىرىگە ۋاپا قىلىشنى ئويلىمىساڭلار، ئاللاھتىن شۇنچىلىك يىراقلىشىسىلەر ۋە ئاللاھ بىلەن بولغان ئالاقەڭلار شۇنچە ئۈزۈلىدۇ. تەۋەلىك يوللىرىغا قانچىلىك ئاگاھ بولساڭلار، تەۋەلىك يوللىرىنى قوغداش

ۋە ئۇنىڭغا كۆڭۈل بۆلۈشكە قانچە ھوشيار بولساڭلار، ئاللاھ بىلەن بولغان ئالاقەڭلار شۇنچە كۈچلۈك ۋە چوڭقۇر بولىدۇ. لېكىن، بۇ پىكىر يولى ئەمەلىي يولغا تايانمىسا نەتىجە بەرمەيدۇ، بەلكى، ئۇنىڭغا ئۇزاق مەزگىل مەھكەم ئېسىلىش مۇمكىن بولمايدۇ.

ئەمەلىي يول بولسا بۇ ھۆكۈملەرگە ئىخلاسمەنلىك بىلەن ئىتائەت قىلىش ۋە ئاللاھنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشتۈرىدىغان ھەر قانداق يولغا ئۆزىنى ۋە قىممەتلىك نەرسىلەرنى سەرپ قىلىشتۇر. ئىلاھى ھۆكۈملەرگە ئىتائەت قىلىشنىڭ مەنىسى_ ئاللاھ بۇيرىغان بۇيرۇقلارنىڭ ھەممىسىگە چىن دىلىڭلاردىن ئاشكارا-يوشۇرۇن ئىشلاردا، تېنىك ھالەتلەردا ۋە خۇشياقماسلىق ھالىتىڭلاردا، دۇنياۋى غەرەزنى مەقسەت قىلماستىن، پەقەت ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى كۆزلەپ، ئاللاھ توسقان ھەر قانداق چەكلىمىدىن ئاشكارا-يوشۇرۇن ھالەتتە يېنىشىنى خالىمىساڭلارمۇ ياكى ياقتۇرمىساڭلارمۇ يېنىشىڭلار، يېنىشىڭلارغا دۇنياۋى زىياندىن قورقۇشىڭلار تۈرتكە بولماي، يالغۇز يەككە-يېگانە ئاللاھتىنلا قورقۇشۇڭلار تۈرتكە بولۇشتۇر. مانا بۇ سىلەرنى پات يېقىندا، ئاللاھقا تەقۋادار بولۇش دەرىجىسىگە كۆتۈرەيدىغان ئىشتۇر.

ئەمما سىلەرنى بۇ تەقۋادارلىق دەرىجىسىدىن كېيىنكى ئېھسان دەرىجىسىگە كۆتۈرەيدىغان ئىش بولسا ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ ئەلچىسى ياخشى كۆرىدىغان ھەر قانداق پەزىلەتنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن، ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ ئەلچىسى يامان كۆرىدىغان رەزىللىكلەرنى يوق قىلىش ئۈچۈن ئەمەل قىلىشىڭلار ۋە سىلەر ئىگە بولالايدىغان جېنىڭلار، قىممەتلىك نەرسەڭلار، ۋاقتىڭلار، تىرىشچانلىقىڭلار، پىكرى، قەلبى كۈچىڭلار قاتارلىق ھەر قانداق نەرسىنى بۇ يولغا سەرپ قىلىشتىن بېخىللىق قىلماسلىقىڭلار، شۇنىڭ بىلەن بىرگە، قەلبىڭلاردا سىلەر ئۇ يولدا قىلغان قۇربان قىلىش، ئۆزىدىن باشقىلارنى ئارتۇق كۆرۈش، ئۆزىنى پىدا قىلىش قاتارلىق ئىشلاردىن قىلچە پەخىرلىنىش پەيدا بولماسلىقى ۋە بىر كىشىگە ياخشىلىق قىلىۋاتىمىز دېگەن

ئۇ ئالدىنىقى ئىككى تەرەپنىڭ بەشىنچىسى دەپ بىلىنگەن خۇسۇسىيەت ھەققىدە... 

ئـوي ھەرگىــز كــۆڭلىڭلاردىن ئۆتمەســلىكى، بەلكــى، يــاراتقۇچى بىــزگە بەلگىلىــگەن مەجبۇرىيەتلەرنى ئـادا قىلىشـتىن ئـاجىز كېلىـۋاتىمىز دېگەن ئـوي دائىملىـق ئويـۇڭلار بولۇشتۇر.

## ئاللاھ بىلەن بولغان ئالاقىنى يۇكسەلدۈرۈشنىڭ ۋاستىلىرى

بۇ يولنى ۋە بۇ يولدا مېڭىشنى تاللاش ھەقىقەتەن ئاددىي ئىش ئەمەس، بەلكى، ئۇنىڭدىن ئۆتۈش پەۋقۇلئاددە كۈچكە موھتاج بولىدىغان ئەڭ قىيىن يوللارنىڭ بىرىدۇر.

ئەمما ئىنسانىدا پەۋقۇلئاددە كۈچنى بارلىققا كەلتۈرۈش ئۈچۈن پايدىلىنىش مۇمكىن بولىدىغان ۋاستىلەر تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت.

ناماز: پەرز ۋە سۈننەت نامازلا ئەمەس، بەلكى، كۈچىنىڭ يېتىشىچە ئوقۇلىدىغان نەپلە نامازلار.

لېكىن، ئاللاھ بىلەن بولغان ئالاقەڭلار كۈچىيىشى، سىلەردە ئىخلاس ۋە روھى پاكلىق پەيدا بولىشى ئۈچۈن نەپلە نامازلارنى كۈچۈڭلارنىڭ يېتىشىچە مەخپىي ئوقۇش بۇ ھەقتە ئاگاھ بولىشىڭلار زۆرۈر بولىدىغان ئىشلاردىندۇر.

ئىنساننىڭ نەپلە نامازلارنى ئاشكارا ئوقۇشى بولۇپمۇ، بىرىم كېچىدە نامازنى ئاشكارا ئوقۇشى رىيانىڭ ئەڭ قەبىھ بىر تۈرىنى، تەكەببۇرلۇقنىڭ ئەڭ رەزىل ۋە ئەڭ خەتەرلىك بىر تۈرىنى پەيدا قىلىشى مۇمكىن.

رىيا بىلەن كىبىر بولسا مۇئمىنلەرنىڭ نەپسىنى ھالاك قىلىدىغان ۋە مۇئمىننىڭ ئەمەللىرىنى ئۈچۈپ يۈرگەن توزاندەك قىلىۋېتىدىغان ئەڭ خەتەرلىك ئامىللاردىندۇر. بۇنداق رىيالار نەپلە ئىشلارنى، سەدىقىلەرنى ۋە باشقا زىكىر-تەسبىھلەرنى ئاشكارا ئېلىپ بېرىشتىمۇ ھەم مەۋجۇت بولىدۇ.

ئاللاھنى ئەسلەش: ئىنسان ھەر ۋاقىت، ھەرقانداق ئەھۋالدا ئاللاھنى ئەسلەشتىن توختاپ قالماسلىقى زۆرۈر.

لېكىن، كېيىنكى دەۋرلەردە سوپىزمنىڭ ھەرخىل گۇرۇھلىرى ئىجاد قىلىپ چىققان يوللار، ھىندى نامراتلاردىن ياكى خرىستىئان راھىبلاردىن ۋە ياكى باشقىلاردىن ئۆگەنگەن يوللار توغرا بولمايدۇ. ئەڭ توغرا ۋە ئەڭ ياخشى يول پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەمەل قىلغان ۋە ئۇنى ئۆز ساھابىلىرىگە ئۆگەتكەن يولدۇر. سىلەر رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامدىن ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرىدىن قالغان مۇقىم زىكىرلەر ۋە دۇئالارنى كۆچۈڭلارنىڭ يېتىشىچە يادلاپ تۇرۇڭلار.

لېكىن، زىكىر-تەسبىھلەرنى ياد ئېلىش بىلەن ۋە چۈشەنمەستىن تىلنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ قويۇش بىلەن بولىدى قىلماسلىقىڭلار كېرەك. بەلكى، زىكىر-تەسبىھلەرنىڭ مەنىلىرىنى ئەسلەش ۋە مەقسەت نىشانلىرىنى بىلىپ ياد ئېلىشقا ئەھمىيەت بېرىشىڭلار لازىم.

مانا بۇ ئاللاھنى يېقى-يېڭىدىن ئەسلەپ تۇرۇشنىڭ، ۋىرىدلارنى ۋە ۋەزىپىلەرنى ئادا قىلىشنىڭ ئەڭ ئۈنۈملىك يوللىرىنىڭ بىرىدۇر.

روزا تۇتۇش: بۇ پەرز روزىنىلا ئەمەس، بەلكى، ئۆزلىكىدىن ئىختىيارى ھالدا نەپلە روزا تۇتۇشتۇر، ئۆزلىكىدىن ئىختىيارى روزا تۇتۇش يوللىرىنىڭ ئەڭ ياخشىسى ۋە ئەڭ نورماللىراقى ئۆزۈڭلارنى ھەر ئايدا ئۈچ كۈن روزا تۇتۇشقا ئادەتلەندۈرۈشىڭلاردۇر. بولۇپمۇ بۇ ئۈچ كۈندە قۇرئان كەرىم روزا تۇتۇشنىڭ ئاساسى نىشانى دەپ بايان قىلغان تەقۋادارلىق كەيپىياتىنى ئۆزۈڭلاردا بارلىققا كەلتۈرۈشكە تىرىشىشىڭلار كېرەك.

ئاللاھ يولىدا چىقىم قىلىش: بۇ پەرز زاكاتنى بېرىشلا ئەمەس، بەلكى، كۈچى يەتكەنچە نەپلە سەدىقە بېرىشتۇر .

بىلىشكە تېگىشلىك ئىشلارنىڭ بىرى شۇكى، ئاللاھ يولىدا سەرپ قىلىشتا قاتارغا ئېلىنىدىغىنى قانچىلىك نەرسە سەرپ قىلغانلىق ئەمەس، بەلكى، ئۇنى ئاللاھ رازىلىقىنى كۆزلەپ سەرپ قىلىدىغان روھ ۋە ھېسسىياتتۇر. مەسىلەن: كەمبەغەل ئادەم

ئۆزى قاتتىق ئېھتىياجلىق تۇرسىمۇ، ئاللاھ ئۈچۈن بىر سىنىت سەرپ قىلسا، پۇل-مېلى كۆپ، ئۆز ھاجىتىدىن ئېشىپ-تېشىپ تۇرىدىغان كىشى چىقىم قىلىدىغان مىڭ دوللار پۇلدىنمۇ ئاللاھقا ياخشى كۆرۈلگۈچىراق، ئەجىر جەھەتتە كاتتىراق، ئورۇن جەھەتتە يۇقىرىراقتۇر.

شۇنىڭ بىلەن بىرگە، سىلەر بىلىشىڭلار زۆرۈر بولىدىغان ئىشلارنىڭ بىرى شۇكى، سەدىقە ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ ئەلچىسى نەپسىنى پاكلاش ئۈچۈن بەلگىلىگەن مۇھىم ۋاسىتىلاردىندۇر.

سىلەرمۇ خالىساڭلار، ئىنسانىيەت نەپسىدە سەدىقە ئارقىلىق پەيدا بولىدىغان ئۈنۈملەرنى تەجرىبە قىلىپ باقساڭلار بولىدۇ، قەدىمىڭلار تېيىلىپ كەتسە ياكى سىلەردىن خاتالىق، سەۋەنلىك كۆرۈلسە بىر قېتىم تەۋبە قىلىش، ساپ پۇشايمان قىلىش بىلەن كۇپايىلىنىڭلار.

ئىككىنچى قېتىم ھەققىتىن چەتنەش ياكى ئاۋۋالقىغا ئوخشاش سەۋەنلىك كۆرۈلسە، تەۋبە قىلىش ۋە نادامەت چېكىش بىلەن بىرگە، ماللىرىڭلاردىن سەدىقە بېرىڭلار. شۇ چاغدا، سىلەر ئىككى ئۇسۇل ئوتتۇرىسىدىكى روشەن پەرقنى چۈشىنىۋالالايسىلەر.

سىلەر تەۋبە قىلىش بىلەن بىرگە سەدىقە قىلىش ئىنسان نەپسىنى پاكلايدىغانلىقىغا ۋە ئىنساننى رەزىللىككە، گۇناھقا، مۇنكەرگە چۈشۈپ قېلىشتىن ئەڭ كۈچلۈك، ئەڭ ياخشى شەكىلدە توسۇپ تۇرىدىغانلىقىغا ھەرگىز شەك قىلمايسىلەر.

مانا بۇ قۇرئان بەلگىلىگەن ۋە رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭغا كۆرسەتمە بەرگەن چۈشىنىشلىك يولدۇر. سىلەر ئۇنى بىلگەن چىغىڭلاردا، بالا-چاقىلىرىڭلار ئارىسىدا ياشاپ تۇرۇپمۇ، بارلىق ئىجتىمائىي ئىشلىرىڭلار بىلەن مەشغۇل بولۇپ تۇرۇپمۇ، سوپىزمنىڭ بىرەر رىيازىتىگە ياكى نازارىتىگە موھتاج ئىكەنلىكىڭلارنى ھېس

قىلماستىنلا، ئاللاھ بىلەن مۇناسىۋەت ئورنىتالايسىلەر ۋە يېقىنلىشالايسىلەر.

## ئاللاھ بىلەن بولغان ئالاقىنىڭ ئۆلچىمى

سىلەر ئاللاھ بىلەن بولغان ئالاقەڭلارنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكىنى، كۆڭلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن كۆچىيىۋاتقان ۋە ئىلگىرلەۋاتقانلىقىنى ياكى كېمىيىپ، چېكىنىۋاتقانلىقىنى قانداق بىلىسىلەر؟ شۇنى بىلىش ئۈچۈن ، ئۆيقۇدىكى بېشارەتكە، كارامەتلەرگە ۋە زۇلمەتلىك ھۇجرىلاردا نۇر كۆرۈشكە موھتاج ئەمەسسىلەر.

ئاللاھ تائالا ھەر بىر ئىنساننىڭ قەلبىگە، ئاللاھ بىلەن بولغان ئالاقىنى بىلىش ئۈچۈن بىر قورالنى ئورۇنلاشتۇرغان. ئىنسان بۇ قورال بىلەن، سەگەك ھالىتىدە، يورۇق كۈندۈزدە، قاچان خالىسا، ھەرقانداق سائەتتە ئاللاھ بىلەن بولغان ئالاقىنى ئۆلچىيەلەيدۇ.

ھاياتىڭلارغا، ئەمەللىرىڭلارغا، سەئيى-ئىجتىھادىڭلارغا، قەلبىڭلار ئۇنىڭ بىلەن سوقۇۋاتقان ھېسسىيات، ھېس-تۇيغۇ ۋە خاھىشلارغا قاراپ بېقىڭلار، ئاندىن ئۆزۈڭلاردىن ھېساب ئېلىپ بېقىڭلاركى، ئاللاھ بىلەن ئاللاھقا بولغان ئىمانىڭلارغا، ئاللاھنىڭ كىتابىنى ۋە ئاللاھنىڭ ئەلچىسىنى تەستىقلىشىڭلارغا تايىنىپ قىلىشقان سوداڭلارغا قارىتا ئىخلاسمەنلىكىڭلار ۋە سادىقلىقىڭلار قايسى دەرىجىدە؟

رەببىڭلارنىڭ سىلەرگە قويغان ئامانىتىنى ئىشەنچلىك كىشىنىڭ ساقلىغىنىدەك ساقلامسىلەر ياكى خىيانەت قىلامسىلەر؟ ۋاقتىڭلاردىن، ماللىرىڭلاردىن، پىكرى ئىقتىدارىڭلاردىن قايسى قىسمىنى ئاللاھ يولىدا سەرپ قىلىۋاتىسىلەر؟ قايسى قىسمىنى ئۆزۈڭلارنىڭ شەخسى ئىشىڭلارغا ۋە باشقا ئىشلارغا سەرپ قىلىۋاتىسىلەر؟ مەنپەئەتىڭلارغا ۋە شەخسى ھېسسىياتىڭلارغا يامانلىق كەلگەن چاغدا، سىلەرنىڭ بىئاراملىقىڭلار، ئەندىشەڭلار ۋە غەم قايغۇڭلار قانداق بولىدۇ؟

دۇنيادىكى ئىنسانلارنى ئاللاھقا ۋە ئاللاھنىڭ شەرىئىتىگە ئويغۇچۇق قارشى

چىققان ھالەتتە كۆرگەن چېغىڭلاردا، ئاللاھنىڭ شەرىئىتىنىڭ ھۆرمىتىنى ئويئوچۇق دەپسەندە قىلغان ھالەتتە كۆرگەن چېغىڭلاردا، بۇ بىئاراملىقلار، ئەندىشىلەر، غەم-قايغۇلار قايسى دەرىجىگە يېتىدۇ؟

مۇشۇلار ۋە ئۇلارغا ئوخشىغان سوئاللارنى ئۆزۈڭلارغا قويۇپ، ئاندىن، كىچە-كۈندۈز ھەر قانداق ۋاقىتتا، ئۇ سوئاللارنىڭ جاۋابىنى ئۆزۈڭلاردىن ئىلىشىڭلار ۋە ئاللاھ بىلەن بولغان ئالاقەڭلارنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكىنى ياكى ئاللاھتىن مۇناسىۋەتنى قانچىلىك ئۈزگەنلىكىڭلارنى بىلىشىڭلار مۇمكىن بولىدۇ.

ئەمما، بېشارەتلەر، بايقىلىشلار، كارامەتلەر ۋە نۇر نامايان بولۇشلارغا ئېرىشىش خىيالى كاللاڭلارغا كەلمىسۇن. مەپتۇنكار ماددىي دۇنيانىڭ جاپا-مۇشەققەتلىرى ئىچىدە تەۋھىد ھەقىقىتىنى بىلىشتىنمۇ چوڭ كەشپىيات يوق. شەيتان ۋە شەيتاننىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ قىزىقتۇرۇشى، قورقۇتىشى، يالغان ۋەدىلىرى، ۋەسۋەسىلىرى ئالدىدا ھەقىقەت يولى ئۈستىدە مۇستەھكەم تۇرۇشتىنمۇ چوڭ كارامەت يوق. نۇر كۆرۈش بوگۇن بىزنىڭ ئۈستىمىزنى قاپلىۋالغان كۇفرلىق، پاسىقلىق، ئىسيانكارلىق ۋە ئازغۇنلۇق زۇلمەتلىرى ئىچىدە ھەق نۇرنى تېپىشنى تەلەپ قىلىش ۋە ھەق نۇرىغا ئەگىشىشتىنمۇ قەدىرلەش ۋە ئۇلۇغلاشقا لايىقراق ئەمەس. مۇئمىن ئۇنىڭدىن راھەتلىنىشى مۇمكىن بولىدىغان خۇش بېشارەتنىڭ ئەڭ كاتتىراقى بولسا رەببىم ئاللاھ دېيىش ئاندىن، ئاللاھنىڭ توغرا يولىدا مۇستەھكەم تۇرۇشتۇر. «شۈبھىسىزكى، پەرۋەردىگارىمىز ئاللاھدۇر» دېگەنلەر، ئاندىن، توغرا يولدا بولغانلارغا پەرىشتىلەر چۈشۈپ: «قورقماڭلار، غەم قىلماڭلار، سىلەرگە ۋەدە قىلىنغان جەننەت ئۈچۈن خۇشال بولۇڭلار، بىز دۇنيادا، ئاخىرەتتە سىلەرنىڭ دوستلىرىڭلارمىز، جەننەتتە سىلەر ئۈچۈن كۆڭلۇڭلار تارتقان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى ۋە تىلىگەن نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى بار، (ئۇلار) ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچى، ناھايىتى مېھرىبان (ئاللاھ) تەرىپىدىن بېرىلگەن

زىياپەتتۇر» -دەيدۇ. (سۈرە فۇسسىلەت 30-32-ئايەتلەر )

## دۇنيادىن ئاخىرەتنى ئارتۇق كۆرۈش

مەن سىلەرگە شۇنىڭدىن كېيىن، ھەر قانداق ئەمىلىڭلاردا دۇنيادىن ئاخىرەتنى ئارتۇق كۆرۈشىڭلارنى، ئاخىرەتنىڭ سائادىتىنى ئەمەلىنىڭ كەينىدىكى بىردىنبىر مەقسەت قىلىشىڭلارنى تەۋسىيە قىلىمەن.

بىز ھېكمەتلىك قۇرئاندىن نۇرغۇن ئورۇندا تاپىدىغان بايان شۇكى، ئاخىرەت ھويلىسى مەڭگۈلۈك قارارگاھتۇر. ئاخىرەت بولسا ياشاش جايىدۇر. يەنى ئىنسان ھاياتى ئۇچۇن ئەبەديي ئورۇندۇر.

بىز بۇ پانى دۇنياغا پەقەت ئىمتىھان، سىناق ئۇچۇن ئەۋەتىلدۇق. يەنى ئارىمىزدىن كىم بۇ دۇنيادا بېرىلگەن ئەرزىمەس پايدىلىنىش بۇيۇملىرىنى، چەكلىك باشقۇرۇشلارنى، ئاز پۇرسەتلەرنى ئىشلىتىپ، ئۆزىنىڭ ئاللاھنىڭ جەننىتىگە ۋە نېئمىتىگە ۋارىس بولۇشقا لايىق ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىيالايدىغانلىقىنى ئېنىقلاش ئۇچۇن ئەۋەتىلدۇق. بۇ دۇنيادىكى سىناق-ئىمتىھانلىرىمىز سانائەتنى، تىجارەتنى، يېزا-ئىگىلىكىنى، ھۆكۈمەتلەرنى يۈرۈشتۈرۈش، بىنالارنى، كوچىلارنى سېلىش، مەدەنىي، گۈزەل، تەرەققىي قىلغان يېڭىلىقلارنى پەيدا قىلىشتا ئەمەس، ئاللاھنىڭ ئامانەتلىرى ئىچىدە، ئاللاھ بەرگەن خەلىپىلىك ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈشتىدۇر.

يەنى ھاياتىمىزنى ئاللاھقا ئاسىيلىق قىلىپ ئۆتكۈزۈۋاتىمىزمۇ ياكى ئاللاھنىڭ قانۇنىغا بويسۇنۇپ ئۆتكۈزۈۋاتىمىزمۇ؟ بۇ ھاياتتا ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىۋاتىمىزمۇ ياكى نەپسىمىزنى رازى قىلىش ئۈچۈن ۋە ئاللاھتىن باشقا رەبلەرنى رازى قىلىش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىۋاتىمىزمۇ؟

بۇ ھاياتىمىزنى زېمىننى ئىلاھى ئۆلچەم بويىچە گۈللەندۈرۈشكە سەرپ قىلىۋاتىمىزمۇ ياكى زېمىندا بۇزغۇنچىلىقنى تارقىتىش، ئېكىنزارلىقنى ۋە نەسىلنى

ھالاك قىلىش ئۈچۈن سەرپ قىلىۋاتىمىزمۇ؟

زېمىننىڭ شەيتانى كۈچكە قارشى تۇرۇۋاتىمىزمۇ؟ شەيتانى كۈچنىڭ شەۋكىتىنى سۇندۇرۇش ئۈچۈن ئەمەل قىلىۋاتىمىزمۇ ياكى زېمىننى شەيتانى كۈچكە تاپشۇرۇپ بېرىۋاتىمىزمۇ؟ شەيتانى كۈچنىڭ قانۇنىغا بويسۇنىۋاتىمىزمۇ؟ دېگەندىن ئىبارەتتۇر.

ئاتىمىز ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ جەننەتتىكى سىنىقى مۇشۇ ئىشتا بولدى. ئاخىرەتتە مەڭگۈلۈك جەننەتكە ۋارىس بولىشىمىز ئۈچۈن بىزدىن ئېلىنىدىغان سىناقمۇ شۇ ئىشتا بولىدۇ.

ئۇنداقتا، بىزنىڭ ئىمتىھاندىن ئۆتىشىمىز ياكى ئۆتەلمەسلىكىمىزنىڭ ھەقىقىي ئۆلچىمى نېمە؟ ئارىمىزدىن كىم ئىمتىھاننى ھۆكۈمەت ئورۇندۇقى ئۈستىدە چازا قۇرۇپ ئولتۇرۇپ ياكى دارغا ئېسىلىپ تۇرۇپ بەردى؟

ئىچىمىزدىن كىمنىڭ سىنىقى ئۇنىڭغا ئالىي ھۆكۈمرانلىقنى بېرىش ياكى ئاددىي كەپىنى بېرىش ئارقىلىق بولدى؟

ئەگەر سىناق مەزگىلى جەريانىدىكى بۇ ئۆتكۈنچى ۋاقىتلىق شارائىتلار ئىنسانغا ھەقىقەتەن ياراشسىمۇ، بۇ ئۇ كىشىنىڭ ئىمتىھاندىن ئۆتكەنلىكىنى ۋە بەختلىك بولغانلىقىنى بىلدۈرمەيدۇ.

شۇنىڭ ئەكسىچە بولسا، بۇ ئۇ كىشىنىڭ زىيانكارلىقىنى، بەختسىزلىكىنى بىلدۈرمەيدۇ. ئۇ ئادەمنىڭ ئەبەدىيلىك مۇۋەپپەقىيىتى ۋە بەخت-سائادىتى ئەمەلىيەتتە، ئۇ ئادەمنىڭ ئىمتىھان بېرىشتە، ھەر قانداق ئورۇندا ئولتۇرغۇزۇلسىمۇ ۋە ھەر قانداق ۋاسىتىلەر بېرىلسىمۇ، ھاياتى دۇنيادا ئۆزىنىڭ ئاللاھقا ۋاپادار قۇل ئىكەنلىكىنى ۋە ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى ئىزدىگۈچى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىيالىشىغا قاراشلىقتۇر. ئى قېرىنداشلىرىم ۋە دوستلىرىم! مەن سىلەرنىڭ ئالدىڭلارغا قويغان بۇ ھەقىقەتنى بىر قېتىم چۈشىنىپ قويۇشىڭلارلا كۇپايە قىلمايدۇ. بەلكى، ئۆزۈڭلارنى بۇ ھەقىقەتنى

داۋاملىق ئەسلەيدىغان ۋە ئۇنىڭ تەقەززالىرىنى دائىم زېھنىڭلاردا تۇتىدىغان قىلىشىڭلار ئۈچۈن بارلىق كۈچۈڭلارنى چىقىرىشىڭلار كېرەك.

لېكىن، سىلەر بارلىق كۈچۈڭلارنى چىقارمىساڭلار، ئۇ ھەقىقەتتىن غەپلەتتە قېلىشىڭلاردىن ۋە دۇنيانى ئەڭ چوڭ غېمىڭلارغا ئايلاندۇرۇپ ھەرىكەت قىلىشىڭلاردىن مەڭگۈ خاتىرجەم بولالمايسىلەر، بۇنىڭدىكى سەۋەب شۇكى، ئاخىرەت سەزگۈ ئەزالىرىنىڭ ۋە ھېس-تۇيغۇلارنىڭ ئارقىسىدىكى ھەقىقەتتۇر.

سەزگۇ ئەزالىرىڭلار بىلەن ۋە ھېس-تۇيغۇڭلار بىلەن ئاخىرەتنى بۇ دۇنيادا ھېس قىلالمايسىلەر.

ئاخىرەتنى پەقەت، ئۆلگەندىن كېيىن ھېس قىلالايسىلەر، ئاخىرەتنى، ئاخىرەتنىڭ خۇشاللىنارلىق ياكى قايغۇلۇق نەتىجىلىرىنى پەقەت پىكىر ۋە زېھنى مۇشەققەت بىلەنلا بىلەلەيسىلەر.

ئەمما دۇنيا بولسا (ئاخىرەتنىڭ ئەكسىچە) سىلەر ھېس قىلالايدىغان، ئۇنىڭ ئاچچىق-تاتلىقلىقىنى تېتىيالايدىغان، ئۇنىڭ خۇشاللىق ياكى قايغۇلۇق نەتىجىلىرى ھەر قانداق چاغدا ئالدىڭلاردا نامايان بولىدىغان نەرسىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇ دۇنيا سىلەرنى مېنىڭ نەتىجىلىرىملا ھەقىقىي نەتىجە دەپ ئالداشقا ئۇرۇنىدۇ. ئاخىرىتىڭلار بۇزۇلغان چاغدا سىلەرنىڭ ۋىجدانىڭلار تىرىك بولسىلا، ۋىجدانىڭلاردا ئۇنىڭ ئاچچىقىنى ئازراق ھېس قىلالايسىلەر، بۇنىڭ ئەكسىچە، سىلەرنىڭ دۇنيايىڭلار بۇزۇلسا بەدىنىڭلاردىكى ھەر بىر ئەزايىڭلار ئۇنىڭ ئازابىنى ھېس قىلىدۇ. شۇنداقلا، ئۇ ئادەم ئازابنى ئۆزى ھېس قىلىدۇ ، ئەۋلادلىرىڭلاردىن، يېقىنلىرىڭلاردىن، دوستلىرىڭلاردىن، ئومۇمەن، جەمئىيەت شەخسلىرىدىن ھەر بىر كىشى يەككە ۋە كوللېكتىپ ھالدا سىلەرگە ھېس قىلدۇرىدۇ. شۇنىڭدەك، ئاخىرەت ياخشىلانسا ئاخىرەتنىڭ ھالاۋىتىنى قەلبىڭلار غەپلەت ۋە قۇللۇقتا گىرىپتار بولمىغان بولسىلا، قەلبىڭلارنىڭ بىر تەرىپىدە

ھېس قىلالايسىلەر.

ئەمما، دۇنيا ياخشىلانسا پۈتۈن ۋۇجۇدۇڭلار لەززەتلىنىدۇ. سىلەرنىڭ ھەر بىر سەزگۈ ئەزايىڭلار ئۇنى ھېس قىلالايدۇ. ئۇ لەززەتنى ھېس قىلىشتا جەمئىيەتتىكىلەردىكى ھەممە شەخس سىلەرگە شېرىك بولىدۇ . مانا بۇ، ئاخىرەتكە ئىمان ئېيتىش ئەقىدە جەھەتتىن قىيىن بولمىسىمۇ، ئاخىرەتنى نەزىرىڭلارنىڭ بىردىنبىر نىشانى، ئەخلاق ۋە ئەمەلدىكى تۇرمۇشلارنىڭ بىردىنبىر ئاساسى قىلىپ، پۈتۈن ھاياتىڭلارنى ئاخىرەتنىڭ تەقەززاسىغا مۇۋاپىق ھالدا ئۆتكۈزۈشىڭلار ھەقىقەتەن قىيىن ئىكەنلىكىنىڭ سەۋەبىدۇر.

دۇنيانى تىلدا مەنسىتمەسلىك ھەرقانچە ئاسان بولسىمۇ، قەلبىڭلارنى دۇنيا مۇھەببىتىدىن، ئويۇڭلارنى دۇنيا ئىزدەشتىن پاكلىشىڭلار ھەرگىز ئاسان ئەمەس. دۇنيا مۇھەببىتىنىڭ بېسىمىدىن ئايرىلىش دېگەن بۇ ھالەتنى پەيدا قىلىش پەۋقۇلئاددە تىرىشچانلىقنى تەلەپ قىلىدۇ، ئۆزۈڭلاردىكى بۇ ھالەتنى پەقەت، ئۈزلۈكسىز تىرىشچانلىق بىلەنلا ساقلاپ قېلىشىڭلار مۇمكىن بولىدۇ.

## ئاخىرەت غېمىنى بارلىققا كەلتۈرۈشنىڭ ۋاسىتىلىرى

شۇنىڭدىن كېيىن، بۇ تىرىشچانلىقنى قانداق ئېلىپ بارىمىز؟ بۇ ھەقتە بىز پايدىلىنىدىغان ئامىل نېمە دەپ سورىساڭلار؟ بۇ تىرىشچانلىقنى ئېلىپ بېرىشنىڭ پىكرى يول ۋە ئەمەلىي يولدىن ئىبارەت ئىككى يولى بار دەيمەن. پىكرى يول بولسا تىلىڭلاردىكى بىز ئاخىرەتكە ئىشەندۇق دېگەن سۆزۈڭلار بىلەن كۇپايىلەنمەي، بەلكى، ئۆزۈڭلارنى ھېكمەتلىك قۇرئاننى تولۇق ئويلىنىش، پىكىر قىلىش بىلەن ئوقۇشقا كۆندۈرۈشىڭلار ۋە ئادەتلەندۈرۈشىڭلاردۇر.

سىلەر بۇ يول ئارقىلىق ھاياتى دۇنيا پەردىسىنىڭ ئارقىسىدىكى باشقا بىر دۇنيانى جەزىم كۆزۈڭلاردا ئاستا-ئاستا كۆرىسىلەر. ھېكمەتلىك قۇرئاندا ئاخىرەت

كۈننى ھەرخىل يوللار، خىلمۇ-خىل ئۇسلۇبلاردا سۆزلەشتىن خالى بىرمۇ بەت يوق. قۇرئان ئايەتلىرىنىڭ نۇرغۇن ئورۇنلىرىدا ئاخىرەت دۇنياسىنىڭ كۆرۈنۈشىنى خۇددى بىر كىشى سىلەرگە: ئاشۇ يەردە ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن نەرسىلەرنى سۆزلەپ بېرىۋاتقاندەك، پۈتۈنلەي تەپسىلىي تەسۋىرلىگەنلىكىنى، بەلكى، بەزى ئايەتلەردە ئىنتايىن گۈزەل ئۇسلۇب بىلەن، ئىنسان بۇ ئايەتلەرنى ئوقۇغان چاغدا ئۆزىنى ئاخىرەت دۇنياسىغا بېرىپ قالغاندەك ھېس قىلىدىغان دەرىجىدە تەسۋىرلىگەنلىكىنى تاپىسىلەر.

شۇڭا، مەن سىلەرگە دەيمەنكى، قۇرئان كەرىمنى مۇنتىزىم، ئۈزلۈكسىز يول ئارقىلىق پىكىر قىلىشقا ۋە ئويلىنىشقا ئۆزۈڭلارنى مەجبۇرلىساڭلار، ئاخىرەتنىڭ غېمى سىلەرنىڭ زېھنىڭلارنى ئاستا-ئاستا ئىگەللىشى، شۇنىڭ بىلەن بىزنىڭ مەڭگۈلۈك قارارگاھىمىز پەقەت ئاخىرەت . شۇنىڭ ئۈچۈن، مۇشۇ مەپتۇنكار دۇنيا ھاياتىمىزدا ئاخىرەت تەييارلىقىنى قىلىشىمىز كېرەك، دېگەن تۇيغۇ سىلەردىن مەڭگۈ ئايرىلماسلىقى مۇمكىن.

شۇنداقلا، رەسۇلۇللاھنىڭ تارىخىنى ۋە سۆزلىرىنى تەتقىق قىلىش ئارقىلىق، سىلەردە بۇ ئىدىيىۋى ھالەت كۈچىيىشى مۇمكىن، چۈنكى، رەسۇلۇللاھ كۆپ ھەدىسلەردە ئۆلۈمدىن كېيىنكى ھاياتنىڭ ئەھۋاللىرىنى ۋە ئاخىرەت قورقۇنچلىرىنى تولۇق، تەپسىلىي سۆزلىگەن.

شۇنداقلا، ھەدىس ۋە تارىخ كىتابلىرىنى ئوقۇش ئارقىلىق، رەسۇلۇللاھ ۋە بارلىق ساھابىلەرنىڭ قانداق قىلىپ ھەر ۋاقىت ئاخىرەت غېمىگە تويۇنغانلىقىنى بىلىشىڭلار كېرەك.

سىلەر بۇ كەيپىياتنى زېھنىڭلاردا چوڭقۇرلاشتۇرۇش ئۈچۈن قەبرىلەرنى زىيارەت قىلىشنى قوللانساڭلار بولىدۇ.

قەبرىنى زىيارەت قىلىشنىڭ بىردىن-بىر نىشانى بولسا خۇددى رەسۇلۇللاھ بايان

قىلغاندەك، دۇنيا ھاياتىدا بەھرىلىنىدىغان نەرسىلەر ئىنساننى ئاخىرەتتىن غەپلەتتە قالدۇرماسلىق ئۈچۈن، ئاخىرەتنىڭ مەڭگۈلۈك، ئىنساننىڭ قايتىدىغان ئاخىرقى ئورنى ئىكەنلىكىنى، ئۇ جايغا كۆپ كىشىلەر كېتىپ بولغانلىقىنى، يەنە نۇرغۇن كىشىلەر ئۆلارغا يېتىشىۋېلىشنى كۈتۈپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى ئۇنتۇپ قالماسلىق ئۈچۈن، ئىنسانغا ئۆزىنىڭ ئۆلۈمىنى ئەسلىتىشتۇر.

بۇ ھەقتە ئېسىڭلاردا تۇتۇش زۆرۈر بولغان ئىشلارنىڭ بىرى شۇكى، بىلىمسىزلەر ياردەم تەلەپ قىلىش ۋە كۈچ-قابىلىيەت سوراش ئورنى قىلىۋالغان ئاشۇ مازارلارنى زىيارەت قىلىشنىڭ پايدىسى ئىنتايىن ئازدۇر. زىيارەت قىلىشتا پايدىسى ئەڭ كۆپ قەبرىلەر بولسا مۇسۇلمانلار ئاممىسىنىڭ ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ مىسكىنلىرىنىڭ قەبرىلىرى ياكى ئۆلارنىڭ پادىشاھلىرىنىڭ ۋە مەشھۇر شەخسلەرنىڭ قەبرىلىرىدۇركى، سىلەر ئۇ قەبرىلەرنىڭ بېشىدا، پادىشاھلار ۋە چوڭلارنىڭ ئالدىدا تۇرۇشنىڭ ئەدەپلىرىنى ئۆگىتىدىغان ھەرەمخانا خادىمىنى تاپمايسىلەر .

ئەمما، ئەمەلى يول بولسا داۋاملىق بۇ دۇنيادا ياشايدىغانلا بولساڭلار، ئائىلىۋى ھاياتىڭلاردا، تۇغقانلىرىڭلار، قوشنىلىرىڭلار، دوستلىرىڭلار، تونۇشلىرىڭلار بىلەن بىللە بولغان ھاياتىڭلاردا، تىجارەت ئىشلىرىڭلارنىڭ ۋە ئىقتىسادى ئىشلىرىڭلارنىڭ ھەممىسىدە بىر دوقمۇشنى تاپىسىلەر، بۇ دوقمۇشتىن ئىككى يول شاخلاپ چىقىدۇ. ئۇ يولنىڭ بىرى ئاخىرەتكە بولغان ئىمانىڭلارنىڭ تەقەززاسىدۇر. يەنە بىرى دۇنياغا قىزىقىشىڭلارنىڭ ۋە پانى دۇنيانىڭ ئەرزىمەس نەرسىلىرىگە قۇل بولۇشىڭلارنىڭ تەقەززاسىدۇر.

مۇشۇنداق شارائىتىڭلاردا پەقەت، بىرىنچى يولغا يۈزلىنىشىڭلار ئۈچۈن ئۆزۈڭلارنى كونترول قىلىشقا تىرىشىشىڭلار كېرەك.

ئەمما، ئاجىزلىقتا ياكى غەپلەت ئىچىدە، ئىككىنچى يولغا يۈزلەنگەن بولساڭلار، ئۇ

يولدا ھەرقانچە ئۇزاق مۇساپىلەرنى بېسىپ بولغان بولساڭلارمۇ، سەزگەن ھامان ئۇ يولدىن قايتىشقا تىرىشچانلىق كۆرسىتىشىڭلار كېرەك.

ئاخىرەتكە يۈزلىنىشتە قانچىلىك مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشكىنىڭلارنى ۋە دۇنيانىڭ سىلەرنى ئاخىرەت يولىدىن يۈز ئۆرۈتكۈزۈشتە قانچىلىك مۇۋەپپەقىيەت قازانغانلىقىنى بىلىشىڭلار ئۈچۈن ھەر ۋاقىت ئۆزۈڭلاردىن ھېساب ئېلىشتىن توختاپ قالماڭلار.

بۇ ئەمەلىي يول ئارقىلىق ئۆزۈڭلاردا ئاخىرەت پىكرى قايسى دەرىجىدە پەيدا بولۇۋاتقانلىقىنى، ئۆزۈڭلاردا يۈز بېرىۋاتقان كەمچىلىك قايسى ئىكەنلىكىنى بىلىۋالايسىلەر. ئۇ ئۆزۈڭلار تۈزىتىشكە قادىر بولالايدىغان تۈردىكى كەمچىلىك بولۇپ قالسا ئۇنى تۈزىتىشكە ئۆزۈڭلار كۈچ سەرپ قىلىشىڭلار لازىم.

ئەمما، بۇ كەمچىلىك سىرتقى ئامىللار ئارقىلىق تۈزىتەلەيدىغان تۈردىكى كەمچىلىك بولسا ئۇنى تۈزىتىش ئۈچۈن دۇنياغا قول بولغۇچى كىشىلەرگە ئارىلىشىشتىن يىراقلىشىپ، سىلەر ئۇلارنى دۇنيادىن ئاخىرەتنى ئارتۇق كۆرىدۇ دەپ تونۇيدىغان تەقۋادار، سالىھ كىشىلەر بىلەن مۇناسىۋەت باغلىشىڭلار كېرەك.

بۇ ئىشتا بىلىشىڭلار زۆرۈر بولغان ئىشلارنىڭ بىرى شۇكى، سىلەر كۈچ سەرپ قىلمىساڭلارمۇ سىلەردە ئەخلاقى سۈپەتنى پەيدا قىلىشقا ياكى ئەخلاقى سۈپەتنى سىلەردىن يىراقلاشتۇرۇشقا، سىلەردە ئۇنىڭ ئېلىمىنتى ئەسلا تېپىلمايدىغان سۈپەتنى سىلەردە بارلىققا كەلتۈرۈشكە قادىر بولالايدىغان ۋاستە دۇنيادا ھازىرغىچە بايقالمىدى.

## ئائىلە ئىشلىرىغا كۆڭۈل بۆلۈش

شۇنىڭ بىلەن بىرگە، بۇ يەردە، مەن سىلەرگە ئۇ ھەقتە نەسىھەت قىلىشنى خالايدىغان يەنە بىر ئىش بار. ئۇ بولسىمۇ، بالىلىرىڭلارنى ۋە ئۆي-ئەھلىڭلارنى ئىسلاھ قىلىشقا تولۇق كۆڭۈل بۆلۈشىڭلاردۇر. «ئۆزۈڭلارنى ۋە ئۆي ئەھلىڭلارنى دوزاختىن ساقلاڭلار» (سۈرە تەھرىم 6-ئايەت).

بالىلىرىڭلار، ئاياللىرىڭلار بولسا سىلەر دائىم ئۇلارنىڭ يېمەك-ئىچمىكىنى، كىيىم-كېچىكىنى، تۇرالغۇ جايىنى ئويلايدىغان كىشىلەردۇر.

سىلەر ھەممىدىن بۇرۇن، ئۇلارنى دوزاختىن قۇتقۇزۇشنى ئويلىشىڭلار، ئۇلارنىڭ ئاقىۋىتىنى ئىسلاھ قىلىشقا ۋە ئۇلارنى جەننەت يولىغا باشلاشقا كۈچىڭلارنىڭ يېتىشىچە تىرىشىشىڭلار كېرەك.

ئائىلەڭلاردىكى بىرەرسىنى ئىسلاھ قىلىشقا ھەرقانچە تىرىشساڭلارمۇ بۇزۇلغان بولسا ئۇنىڭ گۇناھى ئۆزىگە. سىلەر قىيامەت كۈنى ئۇنىڭدىن سورالمايسىلەر. كىشىلەر كۆپىنچە، ماڭا جامائەت ئەزالىرى ئىچىدىكى بەزى دوستلىرى توغرىلىق خەت يازىدۇ. ئۇلار خېتىدە بەزى دوستلىرىنىڭ ئۆز ئەۋلادلىرىنى ئىسلاھ قىلىشقا ۋە تەربىيىلەشكە، ئۆيىنىڭ سىرتىدىكى كىشىلەرنى ئىسلاھ قىلىشقا ئەھمىيەت بەرگەندەك ئەھمىيەت بەرمەيدىغانلىقىنى يازىدۇ. بۇ شىكايەت جامائەت ئەزالىرىنىڭ بەزىسىگە توغرا كېلىشى مۇمكىن. يەنە بەزىلەرگە نىسبەتەن مۇبالىغە بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى، مەن ھەر بىر ئادەمنى ئېنىقلاپ بولالىشىم قىيىن.

شۇڭا، مەن بۇ نۇتۇقتا جامائەت ئەزالىرىنىڭ ھەممىسىگە مۇھىم بىر ئىش توغرىسىدا نەسىھەت قىلىش بىلەن كۇپايىلىنىمەن. ئۇ ئىش شۇكى، جامائىتىمىزنىڭ ھەر بىر ئەزاسىنىڭ ئارزۇسى ۋە شۇنداقلا تىرىشچانلىقى ئۆزى دۇنيادا ياخشى كۆرىدىغان كىشىلەرنىڭ ياخشىلىق، توغرىلىق ۋە تىنچلىق يولىدا ماڭغانلىقىنى كۆرۈش ئارقىلىق شادلىنىش ۋە كۆڭلى ئايراش بولىشى، «ئى پەرۋەردىگارىمىز بىزگە ئاياللىرىمىز ۋە ئەۋلادلىرىمىز ئارقىلىق شادلىق بېغىشلىشىڭنى (يەنى بىزگە ساڭا ئىتائەتمەن پەرزەنت ئاتا قىلىشىڭنى) تىلەيمىز. بىزنى تەقۋادارلارنىڭ پېشۋاسى، ( يەنى تەقۋادارلارنىڭ نەمۇنىسى، ياخشىلىققا دەۋەت قىلغۇچى) قىلغىن» (سۈرە فۇرقان 74-ئايەت) دەيدىغان بولۇشى لازىمدۇر.

شۇنداقلا، بۇ ئىشتا باشقىلارنىڭ بالىلىرىنى ئىسلاھ قىلىش ۋە تەربىيىلەشكە كۆڭۈل بۆلۈش جامائەت ئەزالىرىنىڭ مەجبۇرىيىتىنىڭ بىرىدۇر. چۈنكى، كۆپىنچە بالىلار دادىسىنىڭ نەسىھىتىنى، دادىسىنىڭ دوستىنىڭ نەسىھىتىنى قوبۇل قىلغاندەك قوبۇل قىلمايدىغانلىقىنى ۋە دادىسىنىڭ نەسىھىتىدىن، دادىسىنىڭ دوستىنىڭ نەسىھىتىدىن تەسىرلەنگەندەك تەسىرلەنمەيدىغانلىقىنى كۆرىمىز.

## ئارىنى ياخشىلاش ۋە ئۇنىڭ يولى

جامائەت ئەزالىرى ئۆزلىرىنى ۋە ئۆي-ئەھلىنى ئىسلاھ قىلىشقا تىرىشقاندىن سىرت، ئارىنى ئىسلاھ قىلىشقا كۈچ چىقىرىشى كېرەك. يەنى جامائەت ئەزالىرىدىن ھەربىر شەخس باشقىلارنى ئىسلاھ قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىشى كېرەك.

چۈنكى، ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى ئىزدەش، دۇنيادا ئاللاھنىڭ كەلىمىسىنى ئۈستۈن قىلىش ئۈچۈن جامائەتكە قاتناشقان كىشىلەر ئۆز-ئارا دوستلىشىشى ۋە سەمىمىي بولىشى؛ جامائەت ئەخلاقى ۋە ئىچكى ئىنتىزام جەھەتتە كۈچلۈك بولمىسا، غايىگە يېتىش مۇۋەپپەقىيىتى ئۆزلىرىگە يار بولمايدىغانلىقىنى تولۇق بىلىشى ئۇلارنىڭ بىر مەجبۇرىيىتىدۇر.

بۇ ھېس-تۇيغۇ جامائەت ئەزالىرىنىڭ ھەربىرىنىڭ تەربىيەدە قېرىندىشىغا ياردەم بېرىشىگە، ئاللاھ يولىدا ئىلگىرىلەشتە قېرىندىشىنى قوللىشىغا تۈرتكە بولىدۇ.

مانا بۇ ، جامائەتنى پاكلاشنىڭ ئىسلامدىكى يولىدۇر.

سىز مېنىڭ بۇ يولدىن چېكىنىپ كېتىۋاتقانلىقىمنى كۆرسىڭىز، مېنى توختىتىشقا، مېنى تارتىۋېلىشقا، ئورنۇمدىن تۇرىشىمغا، قوشۇن بىلەن بىللە مېڭىشىمغا ياردەم بېرىشكە ئالدىرىشىڭىز لازىم.

مەن سىزنىڭ چۈشكۈنلىشىپ كېتىۋاتقان، قەدەملىرىڭىزنىڭ تېيىلىپ كېتىۋاتقان ۋە ئىرادىڭىزنى يوقىتىپ قويىۋاتقانلىقىڭىزنى كۆرسەم، قولىڭىزنى

تۇتىۋېلىشقا ۋە ئورنىڭىزدىن تۇرىشىڭىزغا ياردەم بېرىشكە ئالدىرىشىم كېرەك. سىز مەندە بىرەر كىرنى كۆرسىڭىز ئۇنى پاكلاشقا ئالدىرىشىڭىز كېرەك. ئازراق كىر يۇقتۇرۇۋالغانلىقىڭىزنى كۆرسەم مەن بارلىق ئوي-خىيالىمنى ۋە تىرىشچانلىقىمنى ئۇنى يوقىتىشقا سەرپ قىلىشىم لازىم.

سىز مېنىڭ بەخت-سائادىتىم ئۇنىڭدا دەپ قارىغان نەرسىنى ماڭا يەتكۈزۈشىڭىز كېرەك.

مەن ئۇنىڭدا سىزگە ياخشىلىق ۋە خۇشاللىق باردەپ قارىغان نەرسىگە سىزنى ئىلھاملاندۇرۇشۇم كېرەك.

بىزنىڭ نەزىرىمىزدە ئىنسانلار ماددىي دۇنيادا ئۆز-ئارا مۇئامىلە قىلىپ، كوللېكتىپنىڭ باياشاتچىلىقىنى ۋە پايدىسىنى كۆچەيتىدۇ. شۇنىڭغا ئوخشاش، ئەخلاق ۋە روھ دۇنياسىدا ئۆز-ئارا ياردەم بېرىش، قوللاش، ئۆز-ئارا بىر-بىرىنى يۆلەش راۋاجلانغان چاغدا جامائەتنىڭ كاپىتالى چوقۇم تەرەققىي قىلىدۇ، كۆپىيىدۇ ۋە چوڭىيىدۇ.

جامائەت ئىسلاھاتىنىڭ توغرا يولى شۇكى، قېرىنداشىڭىز ھەققىدە بىرەر ئوي-خىيالغا كەلگەن بولسىڭىز ۋە كۆڭلىڭىزدە قېرىنداشىڭىزغا نىسبەتەن كۆڭۈل ئاغرىقى بولسا ئالدىراقسانلىقتىن يىراق تۇرۇشىڭىز، قېرىنداشىڭىزنىڭ پوزىتسىيەسىنىڭ ماھىيىتىنى، كۆڭلىڭىزدە پەيدا بولغان كۆڭۈل ئاغرىقىنىڭ ماھىيىتىنى چۈشىنىشىڭىز ئۈچۈن كۈچىڭىزنىڭ يېتىشىچە تىرىشچانلىق قىلىشىڭىز. ئاندىن، ئۇنىڭ بىلەن ئىككىڭلارلا بار، يالغۇز جايدا سۆزلىشىشىڭىز ۋە ئۇنى ئۆزىنى تۈزەشكە چاقىرىشىڭىز كېرەك .

ئەمما، سىز شۇنىڭدىن كېيىن، ئىسلاھ قىلىش ئەمەلگە ئاشمىغانلىقىنى كۆرسىڭىز ۋە بۇ ئىش سىزنىڭ نەزىرىڭىزدە مۇھىم بولۇپ قالسا، ئۇنى جامائەتنىڭ يۈرتىڭىزدىكى تارمىقىنىڭ باشلىقىغا مەلۇم قىلىشىڭىز كېرەك. ئالدى بىلەن،

جامائەت باشلىقى ئىسلاھ قىلىشقا كۈچ چىقىرىشى ۋە جامائەت ئەزالىرىنىڭ ئالاھىدە يىغىنىدا، ئۇنىڭ ئىشىنى ئوتتۇرىغا قويۇشى كېرەك.

بۇ ئىشنى ئۇنىڭغا ئالاقىسى يوق كىشىلەرگە سۆزلەش ياكى ئۇ كىشى يوق يەردە ئىسانلار ئارىسىدا تارقىتىش شەرىئەتتە قەتئىي چەكلەنگەن غەيۋەت ئىكەنلىكىنى، چوقۇم ئۇنىڭدىن يىراقلىشىش ۋاجىپ ئىكەنلىكىنى بىلىۋېلىشقا تېگىشلىكتۇر.

جامائەتنىڭ يەرلىك ئەمىرى ئۆزىنىڭ ۋە جامائەتنىڭ باشقا يەرلىك ئەزالىرىنىڭ ئۇنى ئىسلاھ قىلالىشىدىن ئۈمىتسىزلەنگەندىن كېيىنمۇ باش مەركەزگە دوكلات قىلىش كېرەك دەپ قارىمىسىلا، بۇنداق يەرلىك مەسىلىلەردە جامائەتنىڭ باش مەركىزىگە مۇراجىئەت قىلىشى توغرا ئەمەس.

## ئىجتىمائىي تەنقىدنىڭ ئەڭ مۇۋاپىق يولى

بىر-بىرىمىزنىڭ خاتالىقىنى ۋە ئىچىمىزدىكى ئاجىزلىقلارنى تەنقىدلەش كوللېكتىپ ئىسلاھاتىمىزنىڭ ئەڭ ئۈنۈملۈك ۋاستىلىرىنىڭ بىرىدۇر.

ئەگەر تەنقىدلەشنىڭ توغرا بەلگىلىمىلىرىگە ۋە زۆرۈر ئەدەپلىرىگە رىئايە قىلمىساق تەنقىد ئىنتايىن چوڭ زىيانغا ئايلىنىشى مۇمكىن.

شۇڭا، مەن تەنقىدنىڭ بەلگىلىمىلىرى ۋە پرىنسىپلىرى توغرىسىدا قىسقىچە سۆزلىمەكچىمەن .

تەنقىد ھەر قانداق چاغدا ۋە ھەر قانداق ئورۇندا بولىۋەرمەسلىكى لازىم. پەقەت يەرلىك ئەمىرنىڭ رۇخسىتىگە، تەلىپىگە ئاساسەن بولىشى كېرەك.

تەنقىدلىگۈچى تەنقىدلەش ئوبيېكتىنى بايان قىلىشتىن ئىلگىرى ئاللاھ مېنى كۆرۈپ تۇرىدۇ دېگەن ئېتىقادى بىلەن ئۆزىدىن ھېساب ئېلىپ بېقىشى، قېرىنداشلىرىمنىڭ بىرەرسىنى ئىخلاس ھېسسىياتى بىلەن تەنقىدلەۋاتىمەنمۇ ياكى تەنقىدلىشىمگە نەپسانىي ھېسسىيات ھەيدەكچىلىك قىلىۋاتامدۇ؟ دەپ ئويلىشى

كېرەك.

تەنقىدلىگۈچى ئىخلاسمەنلىك ۋە نەسىھەت ھىسسىياتى بىلەن تەنقىدلىگەن بولسا چاتاق يوق . ئەگەر ئۆچمەنلىك ھېسسىياتى بىلەن سۆزلەۋاتقان بولسا ئۆزىنى سۈكۈتكە مەجبۇرلىشى ۋە ئۆزىنى گۇناھقا چۈشۈپ قېلىشتىن يىراقلاشتۇرۇشى لازىم.

تەنقىد سىنىڭ سۆزۈڭنى ئاڭلاۋاتقان ھەر قانداق ئادەم رەسۋا قىلىشنى ئەمەس، ئىسلاھ قىلىشنى كۆزلىگىنىڭنى ھېس قىلىدىغان تىلدا بولىشى كېرەك.

سىز تىلىڭىزنى تەنقىدلەشكە مىدىرلىتىشتىن ئىلگىرى، قارشى تۇرۇشىڭىزنىڭ توغرا ئاساسى بار ئىكەنلىكىگە كۆڭلىڭىز قانائەتلىنىشى لازىم. سىز ئالدىن ئويلانماستىن تەنقىدلەشكە قەدەم قويسىڭىز زىمىنىدا بۇزۇقچىلىق پەيدا قىلىدىغان گۇناھنى ئىشلىگەن بولىسىز.

تەنقىد ئوبيېكتى بولغان كىشى تەنقىدنى تولۇق سەۋرچانلىق ۋە سۈكۈت بىلەن ئاڭلىشى، تەنقىدنى ئادىللىق ۋە ئېغىر بېسىقلىق بىلەن ئويلىنىپ بېقىشى زۆرۈر. ئاندىن، ھەق بولغىنىنى ئېتىراپ قىلىشى، ناھەقكە دەلىل بىلەن رەددىيە بېرىشى كېرەك. ئەمما تەنقىدنى يامان كۆرۈش، تەنقىدلىگۈچىگە غەزەپلىنىش ۋە ئاچچىقلىنىش ئۇ كىشىنىڭ تەكەببۇرلىقىغا ۋە مەغرۇرلىقىغا دەلىل.

شەخسلەر ئارىسىدا بىر-بىرىگە دائىملىق ئۆچ-ئاداۋەت قوزغىماسلىق ئۈچۈن تەنقىد سۆزى ۋە تەنقىدنىڭ جاۋاب سۆزى ئۇزىراپ كەتمەسلىكى لازىم.

سۆز ئىككى تەرەپنىڭ ئوخشىمايدىغان پاكىتلىرى ئايدىڭلاشقاندىلا توختىشى لازىم.

ئەگەر بۇ مەسىلە بۇنىڭلىق بىلەنلا ئاخىرلاشمىسا، ئىككى تەرەپنىڭ ھەربىرى تىنچ ۋە پۈتۈن دىققىتى بىلەن، ئۆزى يالغۇز ئويلىنىپ بېقىشى ئۈچۈن مەسىلىنى كېيىنكى سورۇنغا كېچىكتۈرۈشى لازىم.

ئۇ مەسىلە ئىنقىلاش زۆرۈر دەرىجىدىكى ئەھمىيەتلىك ئىش بولسا، باشقا سورۇندا تەنقىد قىلىشنىڭ ۋە مۇنازىرىلىشىشنىڭ زىيىنى يوق. ئىشقىلىپ، ئىجتىمائىي تۈزۈمىڭلاردا، جامائەت ئەزالىرى ئىختىلاپلىشىپ قالغان ئىشلارغا كىرىشىم چىقىرىش ئورنى بولۇشى زۆرۈر.

تەنقىددە مۇشۇ چېگرالار ۋە ئەدەپلەرگە رىئايە قىلىنغان چاغدا بىزگە پەقەت پايدا مەنپەئەتلا كەلمەيدۇ. بەلكى، جامائەت ھاياتىنى ئىسلاھ قىلىش ئۈچۈن بولمىسا بولمايدىغان زۆرۈرىيەتتۇر.

ھەر قانداق مۇنتىزىم جامائەت تەنقىدسىز ئۇزاق مۇددەت ھەقىكە مۇستەھكەم ئىسىلىپ، توغرا يولدا ماڭالمايدۇ.

جامائەتنىڭلار ئىچىدە، مەيلى ئەمىرىڭلار بولسۇن ياكى مەسلىھەت كومىتېتىڭلار بولسۇن ياكى ئومۇمى جامائەتنىڭلار بولسۇن تەنقىدلەشكە بولمايدىغان كىشى بولماسلىقى لازىم. جامائەتنىڭ ساغلاملىقىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، بۇنداق سۈپەتلەرگە ئىگە تەنقىد چوقۇم بولۇشقا تېگىشلىك دەپ قارايمەن.

ئەگەر بىزنىڭ جامائەت ھاياتىمىزدا تەنقىد ئىشىكى تاقىۋېتىلسە، (ئالللاھ ئۇنىڭغا رۇخسەت قىلمايدۇ) جامائەت ئىچىدە ئىچكى قالايمىقانچىلىق ۋە بۇزۇقچىلىق ئىشىكى ئىنتايىن تېزلا ئېچىلىشى ئېنىقتۇر. مۇشۇ سەۋەبتىن، جامائەتنىڭ تۇنجى كۈنلىرىدىن باشلاپ تا ھازىرغىچە جامائەت ئۈچۈن ئاچقان ھەر قېتىملىق قۇرۇلتايدىن كېيىن، جامائەت ئەمەللىرىنى ۋە جامائەت ئىنتىزامىنى تولۇق تەنقىدلەش، ھېساب ئېلىش، پاكلاش، تازىلاش ئارقىلىق تەكشۈرۈشنىڭ ئەمىلىلىشىشى ئۈچۈن، جامائەت ئەزالىرىغا مەخسۇس يىغىن ئېچىشقا ئەھمىيەت بېرىپ كەلدىم.

ھازىرغىچە مۇشۇ غەرەز ئۈچۈن ئېچىلغان ھەر قانداق سورۇندا، ھەممىدىن بۇرۇن، مەن ئۆزۈمنى تەنقىدلەشكە يۈزلەندىم.

ئەگەر جامائەت ئىچىدىكى بىر كىشى بۇ يەردە، بىرەر ئەمىلىمدە ۋە ئىشىمدا ماڭا ئىتىراز بىلدۈرۈشنى ئىرادە قىلسا ئۆزىنىڭ ئىتىرازىنى بارلىق جامائەت ئەزالىرى ئالدىدا، قىينالماي، تەپسىلىي ئوتتۇرىغا قويسا بولىدۇ. شۇ ئارقىلىق مەن ئۆزۈمنى ئىسلاھ قىلىۋالىمەن ۋە كېيىنكى ئىشلىرىمنى توغرىلىۋالىمەن ياكى ئاشۇ كىشىنىڭ زېھنىدىكى ۋە ئۇنىڭغا ئوخشاش ئويلايدىغان كىشىلەرنىڭ زېھنىدىكى خاتا چۈشەنچىنى يوقىتىمەن.

ئاخشام مۇشۇنىڭغا ئوخشاش يىغىن ئېچىلدى . بۇ سورۇندا بارلىق ھەمراھلىرىمىز ئاشكارا، ئەركىن تەنقىدىنىڭ كۆرۈنۈشلىرىنى كۆردى. مۇشۇنىڭغا ئوخشاش سورۇنغا بىرىنچى قېتىم قاتناشقان بەزى يېڭى دوستلىرىمىزنىڭ قەلبىدە، بۇ سورۇن ئەندىشە ۋە بىئاراملىقتا سەۋەب بولغانلىقىنى بىلگىنىمدە ئەپسۇسلاندىم. مەن ئىشىنىمەنكى، ئەگەر ئۇلار بۇ سورۇنغا ئىبرەت كۆزى بىلەن ۋە بەسىيرەت كۆزى بىلەن قارىسا، ئۇلار ئەلۋەتتە، بۇ سورۇن جامائەتكە ۋە جامائەت ئىنتىزامىغا ئەڭ چوڭ پايدا ئېلىپ كېلىدىغانلىقىنى ھېس قىلاتتى. جامائەت ئۇلارنىڭ نەزىرىدە تېخىمۇ قەدىرلىك ۋە ھۆرمەتلىك بولغان بولاتتى. بۇ يۇرتلاردا «ئىسلام جامائىتى» دىن باشقا، مۇشۇنىڭغا ئوخشاش سورۇنى ئېچىلىدىغان ۋە ئۇ سورۇنغا نەچچە يۈز ئەزاسى قاتنىشىپ، سورۇندا بىر-بىرىنى مۇشۇنداق ئەركىن ھالدا تىللاشماستىن، بىر-بىرىگە جوزا-ئورۇندۇق، كالتەكلەر بىلەن ھۇجۇم قىلماستىن، ئۇلارنىڭ قەلبىدە باشقىلارغا نىسبەتەن قىلچە غەزەپلىنىش، ئۆچ-ئاداۋەت تۇتۇش مەۋجۇت بولماستىن، نەچچە سائەتلەپ، تەنقىد ئېلىپ بارىدىغان باشقا بىرەر جامائەت بارمۇ؟

## ئاڭلاش، ئىتائەت قىلىش ۋە جامائەت تۈزۈمىگە بويسۇنۇش

يەنە بىر مۇھىم ئىش بار، سىلەرنى ئۇنى ھېس قىلىشقا چاقىرىش مېنىڭ مەجبۇرىيىتىم دەپ قارايمەن. ئۇ ئىش شۇكى، سىلەرنىڭ ئاڭلاش، ئىتائەت قىلىش ۋە

جامائەت تۈزۈمىگە بويسۇنۇش سۈپىتىڭلار كەم بولىۋاتىدۇ، بىزنىڭ جامائەت تۈزۈمىمىز ھازىرقى زاماندا مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان باشقا ھەر قانداق جامائەتنىڭ تۈزۈمىگە نىسبەتەن ئىنتايىن پۇختا.

لېكىن بۇ تۈزۈمىمىزنى ئىسلامنىڭ تەلەپ قىلىنغان ئۆلچىمى بىلەن ئۆلچىگەن ۋاقتىمىزدا، ئىسلامنىڭ ئۆلچىمى ئالدىدا ئىنتايىن ئارقىدا قالغانلىقىنى شەكسىز بىلەلەيمىز.

سىلەر كىچىككىنە بىر جامائەت . سىلەر ئاددى ۋاستىلەر بىلەن مەيدانغا چىقتىڭلار. دۇچ كېلىۋاتقان ۋەزىپەڭلار بولسا كۈچى سىلەرنىڭ كۈچۈڭلاردىن نەچچە مىڭ ھەسسە ۋە ۋاستىلىرى سىلەرنىڭ ۋاستەڭلاردىن نەچچە ھەسسە كۆپ، كۈچلۈك، پاسىق جاھىلىيەت كۈچلىرىگە جەڭ ئېلان قىلىپ، ھازىرقى ھايات تۈزۈمىنىڭ سىرتقى كۆرۈنۈشلىرىنى ئەمەس، بەلكى، ئىچكى روھىنى ئۆزگەرتمەكچى.

قاراڭلار! سان ۋە قورال ياراق جەھەتتىن ئۇلار بىلەن سىلەرنى سېلىشتۇرغىلى بولمايدۇ.

ئەخلاق ۋە تۈزۈم كۈچىدىن باشقا، قانداق كۈچ ئاساسىدا بۇ باتىل كۈچلەرنى يېڭىش ۋە بېسىپ چۈشۈشنى ئۈمىد قىلالايسىلەر؟

بىر تەرەپتىن، ئەخلاقىڭلارنىڭ دۇرۇسلىقى ۋە ئەمەلىڭلارنىڭ پاكلىقى ئارقىلىق ئامانەتكە ۋاپا قىلىشتىكى دەرىجەڭلارنىڭ يۇقىرىلىقىنى كىشىلەر ئېتىراپ قىلسا، يەنە بىرتەرەپتىن، جامائەت ئىچىدىكى مەسئۇل شەخسلەر بىر قاراپ قويۇش بىلەنلا ياكى ئەڭ ئاددىي بىر ئىشارەت بىلەنلا جامائەتنىڭ كۈچىنى جىھادنىڭ ھەر قانداق بىر ئالدىنقى سېپىگە توپلىشى مۇمكىن بولىدىغان دەرىجىدىكى پۇختا، مۇستەھكەم تۈزۈمدىن بەھرىمەن بولغان چېغىڭلاردا، غايەڭلاردە مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىڭلارنى كۈتۈشىڭلار مۇمكىن بولىدۇ.

ساپ دىنىي نۇقتىدىن ئېيتقاندا، جامائەتنىڭ ھەممە ئەزالىرىنىڭ ياخشىلىقتا ئۆزلىرىنىڭ ئەمىرىگە تولۇق بويسۇنۇشى ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ ئەلچىسىگە ئىتائەت قىلغانلىقتۇر.

ئىنسان بۇ دەۋەت ئىشىنى پەقەت ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ ئەلچىسىنىڭ بۇيرۇقى بىلەن ئورۇنلىدىم دېگەن ئېتىقاد بىلەن ئورۇنلىسا، پەقەت ئاللاھ رازىلىقىنى ۋە ئاللاھقا يېقىنلىشىشنى ئىزدەپ، بىر كىشىنىڭ ئۆزىگە ئەمىر بولۇشىغا رازى بولغان بولسا، قانۇنلۇق بۇيرۇقلىرىدا ئەمىر ئۇچۇن ئىتائەت قىلىش ئەمەلىيەتتە، ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ ئەلچىسىگە ئىتائەت قىلغانلىق بولىدۇ. ئۇنىڭ ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ ئەلچىسىگە بولغان مېھرى قانچە كۈچلۈك بولسا ئىتائەت قىلىشقا شۇنچە ئالدىرايدىغان بولىدۇ.

ئۇ ئادەم ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ ئەلچىسى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتكە قانچە سەل قارىسا ئۆزىنىڭ ئەمىرىنىڭ بۇيرۇقىنى ئاڭلاش ۋە ئىتائەت قىلىشقا شۇنچە سەل قارىغۇچى بولىدۇ.

سىز ماڭا ئاللاھ بىلەن قەسەم قىلىپ تۇرۇپ ئېيتىپ بېرىڭچۇ؟ قايسى قۇربان بېرىش سىزنى بىرەر دۇنيا قانۇنى ئۇنىڭغا بويسۇندۇرمايدىغان، ئۇنىڭغا پەقەت ئاللاھ رازىلىقىنىلا كۆزلەپ، ئەمىر دەپ بەيئەت قىلغان باشلىقىڭىزغا ئىتائەت قىلىشىڭىزدىنمۇ ئورۇن ۋە ئەجىر جەھەتتە كاتتىراق بولىدۇ. دېمەك، سىزنىڭ ئەمىرىڭىزگە ئىتائەت قىلىشىڭىز، پەقەت ئاللاھنىڭ رازىلىقى ئۈچۈندۇر.

شۇڭا، سىزنىڭ ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ئۇنىڭ ئۈچۈن ئالىدىغان ئەجرىڭىز كاتتا. بۇنىڭ ئەكسىچە، سىز جامائەتكە ئەزا بولۇپ، لېكىن، ئۆزىڭىزنى بىر ئادەمنىڭ باشقۇرۇشىغا تەييار ھېس قىلماي، ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىش ۋە ئۇنىڭ بۇيرۇقىغا بويسۇنۇشتىن ئۆزىڭىزنى تارتىدىغان بولسىڭىز ياكى ئۇنىڭ بۇيرۇقىغا خالىماسلىق ۋە سېغىنلىش ئىچىدە بويسۇنسىڭىز ۋە ياكى ئۇنىڭ بۇيرۇقى سىزنىڭ شەخسى

مەنپەئەتلىرىڭىز ۋە ئارزۇلىرىڭىزغا ئۇيغۇن كەلمەيدىغانلىقىنى ھېس قىلغان چېغىڭىزدا، ئۇنىڭ بۇيرۇقىغا بويسۇنۇشنى كېچىكتۈرسىڭىز، سىز مۇشۇلار ئارقىلىق تېخىچە ئاللاھقا بويسۇنمىغانلىقىڭىزنى، تېخى شەخسىيەتچىلىكتىن ئازاد بولمىغانلىقىڭىزنى ئىپادىلەيسىز.

## جامائەت باشلىقلىرىغا نەسىھەت

جامائەت ئەزالىرىغا مۇشۇنداق نەسىھەت قىلىش بىلەن بىرگە، جامائەت باشلىقلىرىغىمۇ نەسىھەت قىلماقچىمەن . يەنى جامائەت باشلىقلىرىنىڭ بارلىق ئەزالارغا بۇيرۇقلارنى چىقىرىش ۋە ئۇلارنى بۇيرۇققا خالىغاندىمۇ-خالىمىغاندىمۇ ئىتائەت قىلدۇرۇش يولىنى ئۆگىنىشكە نەسىھەت قىلىمەن.

ئەگەر، ھەر قانداق بىر شەخسكە جامائەت تۈزۈمى ئىچىدە، مەسئۇلىيەت مەنسىپى بېرىلسە، ئۇ شەخسنىڭ قول ئاستىدىكى جامائەت ئەزالىرىدىن ئۆزىنى ئۈستۈن چاغلىشى، ئۇلار ئىچىدە زالىملارچە ھۆكۈم چىقىرىشقا ئۇرۇنۇشى، ئۇلارغا رەھبەرلىك قىلىشتىن، ئۇلار ئىچىدە ئۆز بۇيرۇقىنىڭ ئىجرا قىلىنىشىدىن كىبىرلىك لەززىتىنى ھېس قىلىشى ھەرگىز ھالال بولمايدۇ.

ئۇ شەخس جامائەت ئەزالىرى بىلەن ئۆزىنىڭ بىر تۇغقان قېرىندىشىدەك ئارىلىشىشى، ئۇلارغا كۆيۈمچانلىق ۋە مېھرىبانلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىشى كېرەك.

ئۇ شەخس، ئۆز ئەزالىرىدىن بىرەر كىشىدە ئىسيانكارلىق ۋە ئىتائەتتىن چىقىش ھېسسىياتىنىڭ پەيدا بولۇشىدىن ۋە ئۆزىنىڭ بىرەر خاتا ئىشىنىڭ نەتىجىسى بولۇپ قېلىشىدىن ھەر دائىم ھەزەر ئەيلىسۇن.

ئۇلارنىڭ ئىچىدە ياشلار، ياشانغانلار، كۈچلۈكلەر، ئاجىزلار، نامراتلار، بايلار بولغاچقا ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى بىر تاياقتا ھەيدىمەسلىكى، بەلكى، ئۇلاردىن ھەر بىر كىشىنىڭ ئۆزىگە خاس شارائىتلىرىنى ئويلاپ، بىرەر بۇيرۇقنى ئىجرا قىلىشتىكى ئۆزرە دەپ قاراشقا

لايىق بولغان ئۆزرىسىنى قوبۇل قىلىشى لازىم.

ئەمىر قول ئاستىدىكىلەرنى ئۆزىنىڭ مەسلىھەتلىرى ۋە چاقىرىقلىرىنى بىرگە چىقىرىلغان بۇيرۇق دەپ قارايدىغان ھالغا كەلتۈرىدىغان ئۇسۇل بىلەن تەربىيىلىشى كېرەك. ئەگەر ئۇ كۆرسەتمە بېرىشنىڭ ئورنىغا بۇيرۇق چىقىرىشقا موھتاج بولۇپ قالسا، بۇ جامائەت ئەزالىرىدىكى جامائەت ئېڭىنىڭ ئاجىزلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

بۇيرۇق  مائاش ئالىدىغان، مائاش ئۈچۈنلا ئىشلەيدىغان ئەسكەرلەرگە چىقىرىلىدۇ. ئۆزلىكىدىنلا، پەرۋەردىگارىنىڭ رازىلىقى ئۈچۈنلا بىر بايراق ئاستىغا توپلىنىشىپ، جامائەت بولۇپ شەكىللەنگەن پىدائىي ئەسكەرلەر ئۆزلىرىنىڭ دىنىنىڭ ئىشىدا، ئۇلار ئۆزلىكىدىن ئۇنىڭ ئەمىر بولۇشىغا رازى بولغان ئەمىرگە ئىتائەت قىلىشتا بۇيرۇققا موھتاج بولمايدۇ، پەقەت، ئۆز پەرۋەردىگارىنىڭ خىزمىتىنى ئادا قىلىشىلىشىنىڭ ياخشى بىر پۇرسىتى ئىكەنلىكىنى تونۇشقا موھتاج بولىدۇ.

ئاللاھ بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، جامائەت باشلىقلىرى ۋە ئۇنىڭ ئومۇمى ئەزالىرى ئىچىدە مۇشۇ كەيپىيات يېتىلسە، ئەمىرلەر بىلەن جامائەت ئەزالىرى ئوتتۇرىسىدا پەيدا بولۇۋاتقان نۇرغۇن جىددىيچىلىكلەر ۋە مۇناسىۋەتنىڭ ياخشى بولماسلىقلىرى تۈگەپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆز-ئارا بىر-بىرىگە جانلىرىنى ۋە بارلىق قىممەتلىك نەرسىلىرىنى پىدا قىلالايدىغان دوستلارغا ئايلىنىشى ئېنىقتۇر.

## ئەڭ ئاخىرقى نەسىھەت

«ئىسلام جامائىتى» نىڭ ئەزالىرىدىن ۋە ئۇنىڭ قوللىغۇچىلىرىدىن تەركىب تاپقان، «ئىسلام جامائىتى» بىلەن ئالاقە قىلىدىغان كىشىلەرنىڭ ھەممىسىگە ئەڭ ئاخىرقى نەسىھەتنى يەتكۈزۈشنى خالايمەن.

مەن يەتكۈزۈشنى ئىرادە قىلىۋاتقان ئەڭ ئاخىرقى نەسىھەت شۇكى، ئۇلار ئۆزلىرىنى ئاللاھ يولىدا چىقىم قىلىش ھېسسىياتىغا قىزىقتۇرۇشى، ئۇلار ئاللاھ رىزالىقى ئۈچۈن

ئېلىپ بارغان ئەمەللىرىنى ئۆز نەپسى ئۈچۈن ئېلىپ بارغان ئەمەللىرىدىن ئارتۇق كۆرۈشى، ئۇلاردىكى بۇ تۇيغۇ شۇنىڭ ئەمەلىلىشىشى بىلەنلا كۈچۈللەر شادلىنىدىغان، قەلب خاتىرجەم بولىدىغان، كۆزگە ئۇيقۇ كېلىدىغان دەرىجىگە يېتىشتۇر.

سىلەر ئۆزۈڭلارنى قوراللانغان قىلىش بىلەنلا كۇپايىلەنمەڭلار. بەلكى، يانچۇقۇڭلارنى ئىسلامغا كىرگۈزۈشكە تىرىشچانلىق قىلىشىڭلار ۋە باش قاتۇرۇشىڭلار كېرەك.

بەدىنىڭلار، روھىڭلار ۋە ۋاقتىڭلاردىلا ئەمەس، بەلكى، ماللىرىڭلاردىمۇ ئاللاھنىڭ ھەققى بارلىقىنى مەڭگۈ ئۇنتۇپ قالماڭلار.

ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ ئەلچىسى ماللىرىڭلار ئۈستىدىكى مەجبۇرىيەتنىڭ ئەڭ تۆۋەن مىقدارىنى بەلگىلەپ بەردى. ئەڭ يۇقىرى مىقدارىنى بەلگىلەپ بەرمىدى. ئەڭ يۇقىرى چەكنى قىلىشنى سىلەرنىڭ ئۆزۈڭلارغا قويۇپ بەردى.

ۋىجدانىڭلارغا مۇراجىئەت قىلىڭلار ۋە ئۇنىڭدىن پەتىۋا سوراپ بېقىڭلار.

ئاللاھ يولىدا چىقىم قىلغان مېلىڭلارنىڭ مىقدارى قانچىلىك؟ ماللىرىمىدىكى ئاللاھنىڭ ھەققىنى ئادا قىلدىم، دەپ ئېتىقاد قىلىشىڭلار ۋە خۇشال بولۇشىڭلار توغرا.

بۇ ئىشتا ھېچكىمنىڭ ئۆزىدىن باشقىلار ھەققىدە بىرنەرسە دېيىشكە ھوقۇقى يوق. ئىنسانىنىڭ ۋىجدانى ۋە ئىمانى ھۆكۈم چىقىرىدىغان ئەڭ چوڭ پەتىۋاچىدۇر.

بۇ يەردە، ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشەنمەيدىغان، لېكىن، ئۆزلىرىنىڭ باتىل نەزەرىيەلىرى يولىدا زور قۇربانلارنى بېرىدىغان كىشىلەرنىڭ ئىشلىرىدىن ئالىدىغان ساۋاق بار.

بىز ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشەنگۈچىلەر بۇ قۇربان بېرىشلەر ئالدىدا خىجىلچىلىق ھېس قىلىشتىن باشقا ھېچ ئىش قىلالمايۋاتىمىز.

مەن جامائەت ئەزالىرى ئىچىدە، دەۋەت ئىشىغا چۆكۈش ۋە دىنىنى تۇرغۇزۇش

جەھەتتە كەمچىلىلىك بارلىقىنى ھېس قىلغانلىقىمغا ئەپسۇسلىنىمەن.

شۇبھىسىزكى، ھەقىقەتەن جامائىتىمىزنىڭ بەزى ئەزالىرى ئۆزىنىڭ بارلىق تىرىشچانلىقى بىلەن ھەرىكەت قىلىۋاتىدۇ. بۇ شادلاندۇرىدىغان ۋە خۇشاللاندۇرىدىغان ئىشلارنىڭ بىرىدۇر.

ئۇلارغا ئاللاھ تەرەپتىن تېخىمۇ كۆپ تەۋپىق-ھىدايەت كېلىشىگە دائىم دۇئا قىلىۋاتىمەن، لېكىن، بۇ ئىشتا تېپىلىشى زۆرۈر بولغان بېرىلىپ ئىشلەشنى، بەزىلەردە كۆرمەيۋاتىمەن.

دۇنيانى ھەددىدىن ئېشىش قاپلاپ كەتتى. دۇنيادا پىتنە-پاسات، فاجىرلىق، ئىسيانكارلىق تارقالدى. دۇنيادا ئاللاھنىڭ دىنى مەغلۇبىيەتچىگە ئوخشاپ قالدى.

مانا مۇشۇنىڭ ھەممىسى، ھەربىر مۇئمىن بىرەر بالىسىنىڭ قاتتىق كېسەل بىلەن ئاغرىغانلىقىنى كۆرگەن چاغدا ياكى ئاز دېگەندىمۇ ئۆزىنىڭ ئۆيىگە ئوت كېتىشتىن قورققان چاغدا كۆڭلىدە ھېس قىلىدىغان ئازابقا ئوخشاش بىئاراملىق ۋە ئالاقزادىلىك ئوتىنى پەيدا قىلىدىغان ئۇرۇش ئەمەسمۇ؟

بۇ ئىشتىمۇ ھەم ھېچكىمنىڭ ئۆزىدىن باشقا بىر كىشى ھەققىدە، ھېچنەرسە دېيىش ياكى دەۋەت ئىشى ئۇچۇن تىرىشچانلىق قىلىشقا ۋە پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن بېرىلىپ ئىشلەشكە چەك بەلگىلەپ بېرىش ھوقۇقى يوق.

پەقەت، ئىنساننىڭ ۋىجدانى ۋە ئىمانى ئۇنىڭغا ھۆكۈم چىقىرىپ بېرىدىغان ئەڭ چوڭ پەتىۋاچىدۇر.

ھەر بىر ئىنسان ئاشۇ ئارقىلىق ئۆزىنىڭ دەۋەت ئىشىغا پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن قانچىلىك كىرىشكەنلىكىگە، قانچىلىك كۈچ سەرپ قىلغانلىقىغا ھۆكۈم قىلىشى كېرەك.

ئىنسان دەۋەت ئىشىنى ئۈستىگە ئالغان چاغدا، ئۇستۇمدىكى دەۋەت

مەجبۇرىيىتىنى ۋە بۇرچۇمنى ئادا قىلدىم دەپ ئېتىقاد قىلىشىغا بولىدۇ، لېكىن، ئۇ دەۋەتچى باتىلغا ئىشىنىدىغان، باتىل سۆزنى ئالىي قىلىش، دۇنياغا باتىلنىڭ زەھىرىنى تارقىتىشتا ئۇلارنى ئۇنتۇپ، باتىل دەۋەت بىلەن بىرلىشىپ كەتكەن ۋە توختاشنى ئويلىمايدىغان ئاشۇ كىشىلەرنىڭ ئىشلىرىغا، تىرىشچانلىقلىرىغا قاراپ بېقىشى كېرەك.

## مۇسۇلمان ھەمشىرىلەرگە نەسىھەت

ھازىرغىچە سۆزلىگەن سۆزلىرىمنىڭ كۆپىنچىسى ئەر-ئاياللىغا ئورتاق. ئەمدى، مەن بۇ يەردە ئاياللارغا بولۇپمۇ، جامائەتكە ياكى جامائەت ئۈنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئىلىپ بېرىۋاتقان ۋەزىپىگە كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان ئاياللارغا بىر قانچە كەلىمە سۆز قىلماقچىمەن.

ئاياللارغا زۆرۈر بولۇۋاتقان ئىشلارنىڭ بىرىنچىسى: ئۇلار ئۆز دىنىنى تونۇش ئۈچۈن كۆچى يېتىدىغان بارلىق تىرىشچانلىقنى ۋە زېھنىنى سەرپ قىلىشتۇر.

ئۇلارغا بۇ ئىشتا قۇرئاننى چۈشىنىپ ئوقۇشلا كۇپايە قىلمايدۇ بەلكى ۋاقىت چىقىسىلا ھەدىس ۋە فىقھىنى دەرس قىلىشى كېرەك. ئۇلار ئۆزىنىڭ دىنى پرىنسىپىنى ۋە ئىمانىنىڭ ئاساسى تەقەززالىرىنى تونۇش بىلەنلا چەكلىنىپ قالماستىن، بەلكى، دىنىنىڭ شەخسى ھاياتقا، ئائىلىۋى ھاياتقا، ئىجتىمائىي ھاياتقا ئالاقىدار بولغان ئىشلاردىكى ھۆكۈمنى بىلىشكە دىققىتىنى سەرپ قىلىشى كېرەك. ئاياللارنىڭ ئۆز دىنىنىڭ ھۆكۈملىرىنى بىلمەسلىكى، ئۇلار تۆپەيلى شەرىئەتكە ئۇيغۇن بولمىغان ئىشلار مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆيلىرىدە راۋاجلىنىشىقا ئېرىشكەن ۋە جاھىلىيەتنىڭ نۇرغۇن ئادەتلىرى ۋە ئەنئەنىلىرى مۇسۇلمان ئۆيلىرىگە كىرىشكە باشلىغان چوڭ سەۋەبلەر ئىچىدىكى بىر مۇھىم سەۋەبتۇر.

ھەمشىرىلىرىمىز باشقا ھەر قانداق نەرسىدىن ئىلگىرى، ئۆزلىرىدىكى بۇ نۇقساننى

تۈزىتىشنى ئويلىشى كېرەك. جامائەتمۇ ھەم لايىقىدا كۆڭۈل بۆلىدۇ. بۇ مەخسۇس ئاياللارنى تەربىيىلەش كۇرسلىرىنى ئېچىش ئارقىلىق بولىدۇ. لېكىن، بۇ كۈنلەردە جامائەتنىڭ بۇ پىلاننى ئەمەلگە ئاشۇرۇشىغا توسقۇنلۇق قىلىدىغان بەزى توسالغۇلار بار بولغاچقا، يېقىندا ئەرلەرنى تەربىيىلەش ئۈچۈن ئېچىلىدىغان كۇرسلارغا ھېچ باپ بەلگىلىمىلىرىگە رىئايە قىلىش بىلەن بىرگە، مۇمكىن بولىدىغان جايلاردا، ئاياللارنىمۇ قاتناشتۇرۇشقا كۆڭۈل بۆلۈشنى قارار قىلغان ئىدۇق، ھەمشىرىلىرىمىز مۇشۇنداق كۇرسقا قاتنىشىشى ئۈچۈن بىرىلىدىغان ھەر قانداق پۇرسەتتىن پايدىلىنىشى كېرەك، ئاللاھ ياردەم بەرسە بىر مەزگىلدىن كېيىن ئاياللار كۇرسى ئاچالىشىمىز مۇمكىن.

ئاياللارغا زۆرۈر بولۇۋاتقان ئىشلارنىڭ ئىككىنچىسى: ھەمشىرىلىرىمىز شەخسى، ئائىلىۋى ۋە ئىجتىمائىي ھاياتىنى، ئەخلاقىنى، ئومۇمى ھاياتىنى، قۇرئان، ھەدىس ۋە فىقھى ئوقۇش ئارقىلىق، كۇرسلارغا قاتنىشىش ئارقىلىق ئېرىشكەن دىنى بىلىمىگە مۇۋاپىق ھالدا تۈزەشنى ئويلىشى ۋە قولىدىن كېلىدىغان بارلىق تىرىشچانلىقنى قىلىشىدۇر.

ھەر بىر مۇسۇلمان ئايال ئۆز ئەخلاقىدا شۇ قەدەر كۈچلۈك بولۇشى كېرەككى، ئۆزى بىر نەرسىنى توغرا دەپ ئېتىقاد قىلسا ئۇنىڭدىن ئايرىلماي، ئۇنىڭ ئۈستىدە چىڭ تۇرۇپ، بىر نەرسىنى باتىل دەپ قارىسا پۈتۈن ئائىلە ئەزالىرى تەرىپىدىن ھەر قانچە قارشىلىققا ئۇچرىسىمۇ، ئۇنىڭغا مايىل بولۇشقا ۋە قىزىقىشقا رازى بولماستىن، ئۆزىنى ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ ئەلچىسىگە ئاسىيلىق قىلىشقا ماڭغۇزماقچى بولغان ھەر قانداق كىشىگە ئىتائەت قىلماسلىقى لازىم. ئۇ بۇ يولدا ئۇچرىشى مۇمكىن بولغان ھەر قانداق جاپا-مۇشەققەتنى ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلغان ۋە ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىكى ئەجرنى كۆزلىگەن ھالدا كۆتۈرۈشكە تەييار تۇرۇشى كېرەك.

ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ئۇ ھەق ئۈستىدە قانچىلىك مۇستەھكەم تۇرسا

ئۆيـــدىكىلىرىگە ۋە بالىلىرىغـــا شـــۇنچىلىك ياخشـــى تەســـىرلەرنى قالدۇرالايـــدۇ ۋە جەمئىيەتتىكى بۇزۇق ئۆيلەرنى ئىسلاھ قىلىش پۇرسىتىگە ئېرىشەلەيدۇ. ئەكسىچە، ئۇلارنىڭ ناھەق تەلەپلىرىگە قانچە بويسۇنسا، ئاللاھنىڭ شەرىئىتىگە خىلاپ ئىشلىرىغا قـــانچە ماسلاشســـا، ھاياتـــدىكى ئىســـلام بەرىكەتلىرىـــدىن شـــۇنچە مەھـــرۇم قالـــدۇ، ئۆيـــدىكىلىرىگە، بالىلىرىغـــا، جەمئىـــيەتكە ئىمـــان ۋە ئەخـــلاق ئاجىزلىقىنىـــڭ ناچـــار ئۈلگىسىنى كۆرسىتىپ قويىدۇ.

مۇســـۇلمان ئايالنىـــڭ دەۋەت ۋە ئىســـلاھات ئىشـــلىرىغا ئالاقىـــدار بولىـــدىغان ئىشـــلاردىكى ئۈچىنچى مەجبۇرىيىتى: ئـۆز ئائىلىســـدىكىلەرنى، قېرىنداشـلىرىنى ۋە ھەمشىرىلىرى قاتارلىق تۇغقانلىرىنى ئىسلاھ قىلىشقا باشقىلارغا كۆڭۈل بۆلگەندىن بەكراق كۆڭۈل بۆلۈشتۇر.

ئاللاھ ئۇلارغا پەرزەنت ئاتا قىلغان ھەمشىرىلىرىمىز بولسا ئاللاھ ئۇلارغا سىناق قەغىـــزى بەرگەنـــگە ئوخشـــايدۇ. ئەگەر بـــۇلار بـــۇ ســـىناقتىن ئۆتەلمىســـە ۋە ســـىناقتىن ئۆتۈشـــتىكى زۆرۈر نومۇرغـــا ئېرىشەلمىســـە، باشـــقا ھەر قانـــداق ســـىناق قەغىزىنـــى ئىشلىيەلمەيدۇ .چۈنكى، ئۇلارنىڭ پەرزەنتلىرى ئۇلارنىڭ كۆڭۈل بۆلۈشىگە ئېرىشىشكە تېگىشـــلىك ئەڭ بىرىنچـــى كىشـــلەردۇر. ئـــۇلارنى دىـــن ۋە دىنىـــي ئەخـــلاق بـــويىچە تەربىيىلەشنى، ئايالغا ئىسلام تاپشۇرىدىغان ئەڭ بىرىنچى كىشىلەر شۇلاردۇر.

تـــوي قىلغـــان ھەمشـــىرىلىرىمىز ئۆزىنىـــڭ يولدىشـــىنى تـــوغرا يولغـــا باشلاشـــقا تىرىشچانلىق قىلىشى ۋە يولدىشى توغرا يولدا ماڭسا ئۇنى قوللاپ، ياردەم بېرىشى لازىم.

بارلىق قىزلار ھۆرمەتلەش ۋە ئەدەپ دائىرىسىدىكى ئىشلارغا رىئايە قىلىپ تۇرۇپ ھەق سۆزنى دادىسى ۋە ئانىسىغىچە يەتكۈزۈشى لازىم.

ئەڭ ئاددىيســـــى، ئـــۇ قىـــز ياخشـــىلىققا چاقىرىـــدىغان ۋە ئەمەل قىلىشـــقا

قىزنىقتۇرىدىغان بايانلارنى ئوقۇشى ئۈچۈن ئاتا-ئانىسىغا كىتاب تەقدىم قىلالايدۇ.

بۇ ھەقتە مۇسۇلمان ئايالغا زۆرۈر بولىدىغان ئەڭ ئاخىرقى ئىش شۇكى ، ئۇ ئۆيدە ئۆز مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلىپ بولغاندىن كېيىن، يار بەرگەن ۋاقىتلاردا، ئۆزىنىڭ ئەتراپىدىكى ئاياللارغا دىن بىلىمىنى يەتكۈزۈشى لازىم.

مۇسۇلمان ئايال كىچىك قىزلارغا ئىسلام پرىنسىپلىرىنى ۋە ئىسلامنىڭ ئاساسى تەلىماتلىرىنى ئۆگىتىشى ۋە ساۋاتسىز ئاياللارغا دىنىنى ئاغزاكى ئۆگىتىشى، زىيالىي ئاياللارغا كىتاب تەقدىم قىلىشى لازىم.

مۇسۇلمان ئايال، ئاياللار يىغىلىشلىرىنى ئېچىپ، يىغىلىشتا دىنىي تېمىلاردا سۆزلىشى ياكى سۆزلىيەلمىسە دىنىي كىتابلارنى ئوقۇپ بېرىشى لازىم.

سۆزنىڭ يىغىندىسى شۇكى، مۇسۇلمان ئايال ئۆزى تونۇيدىغان ئاياللاردىن بىلىمسىزلىكنى ۋە جاھىلىيەتنى يوقىتىش ئۈچۈن، بارلىق يوللار ئارقىلىق كۈچىنىڭ يېتىشىچە تىرىشچانلىق قىلىشى لازىم.

بۇ يەردە، بولۇپمۇ زىيالىي ھەمشىرىلىرىمىزگە زۆرۈر بولىدىغان يەنە بىر مەجبۇرىيەت بار. ھازىرقى شارائىتتا ئۇ مەجبۇرىيەت باشقا ھەر قانداق مەجبۇرىيەتتىن بىر قانچە جەھەتتە مۇھىمدۇر. مۇسۇلمان ئاياللارنىڭ بۇ يەردىكى مەجبۇرىيىتى، ياۋروپالىشىپ كەتكەن ئاياللار بارلىق پاكىستان ئاياللىرىنى ئۇنىڭغا ئۇندەۋاتقان ئاشۇ ئازغۇنلۇق، پىكرى ۋە ئەخلاقى چۈشكۈنلۈك ئېقىمىنى توسۇشتۇر.

مەلۇمكى، بۇ ئازغۇچى-ئازدۇرغۇچى ئاياللار ھۆكۈمەتنىڭ بارلىق ۋاستىلىرىنى ۋە بارلىق ئۇسۇل-چارىلەرنى مۇشۇ بۇزۇق غەرەز ئۈچۈن ئىشلىتىۋاتىدۇ.

زىيالىي ھەمشىرىلىرىمىز بۇ مەجبۇرىيەتلەرنى ئورۇنلاشنى ئەرلەرگىلا يۈكلەپ قويماسلىقى لازىم.

ئەرلەر بارلىق پاكىستان ئاياللىرىنى بۇ ئېقىمنىڭ خەتىرىدىن ۋە نەتىجىلىرىدىن

ئاگاھلاندۇرغان چاغدا، غەرەزلىك كىشىلەر ئايالالرنى چاقىرىپ، «ئەرلەر سىلەرنى قۇل قىلماقچى، سىلەرگە ئۆزىنىڭ خوجايىنلىقىنى تاڭماقچى، ئۇلار ئۆيىڭلارنىڭ تۆت تېمى ئىچىدىن چىقىشىڭلارغا، ئەركىن، مۇستەقىل نەپەسلىنىشىڭلارغا ۋە نۇرنى كۆرۈشىڭلارغا رازى بولمايدۇ» دېگەن سۆزى بىلەن ئايالالرنى ئازدۇرىدۇ.

مۇشۇ سەۋەبتىن، پىتنىنى توسۇشتا ھەمشىرىلىرىمىزنىڭ قوللاپ، ياردەم بېرىشىگە بەكمۇ موھتاجمىز.

يۇرتلىرىمىزدا ئالالھقا شۈكرى! دۇرۇسلۇق، شەرەپ، تەقۋادارلىق، پەزىلەت سۈپەتلىرىنى ئۆزلەشتۈرگەن ئايالالر بار. ئۇلارنىڭ سانىغىمۇ سەل قارىغىلى بولمايدۇ.

ئۇ ئايالالر دىن، بىلىم، زېرەكلىك، مەدەنىيەت سەۋىيىسى، تىل ۋە قەلەم قۇۋۋىتىدە «پاكىستان ئايالالرى جەمئىيىتى» نىڭ خانىملىرىدىن تۆۋەن ئەمەس. بۇ ھەمشىرىلىرىمىز ئالدىغا چىقىپ، بۇ ياۋروپاالشقان خانىمالر بىلەن كۈرەش قىلىپ، ئۇالرنىڭ ئازدۇرغۇچى پىتنىسىنى پاچاقالپ تاشلىشىشى كېرەك.

ھەمشىرىلىرىمىز، مۇسۇلمان ئايال ئالالھنىڭ چېگراسىدىن چىقىپ كېتىشكە ھېچقاچان تەييار ئەمەسلىكىنى، مۇسۇلمان ئايال ئالالھنىڭ چېگراسىدىن ھالقىپ كەتكەندىال ئۇنىڭغا ئېرىشەلەيدىغان ھەر قانداق تەرەققىيات ۋە ئاقارتىشالرغا مەنسىتمەسلىك، ئۆچ كۆرۈش ۋە يىرگىنىش نەزىرى بىلەن قارايدىغانلىقىنى ياۋروپاالشقان خانىمالرغا تولۇق جۈرئەت بىلەن جاكارلىشى كېرەك.

ھەمشىرىلىرىمىز ھەم يەنە بارلىق ئازغۇن ۋە ئازدۇرغۇچى ئەر-ئايالنى گەپ قىلالماس قىلىش ئۈچۈن ئۆزىنى ئىنتىزامغا چۈشۈرۈشى، ئالالھنىڭ چېگرالىرىدىن ھالقىماي تۇرۇپ، ئەمەلگە ئاشۇرۇش مۇمكىن ئەمەس دەپ قارىلىۋاتقان ھەر قانداق ھەقىقىي ئېھتىياجىنى ئىسلام چېگرالىرى ئىچىدە تۇرغان، پەزىلەت ۋە نومۇسچانلىقنى چىڭ تۇتقان ھالدا قاندۇرۇشى كېرەك.

ئەڭ ئاخىرقى دۇئايىمىز، بارلىق ھەمدۇ-سانا ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارىغا خاس

دېگەن سۆزدۇر.